# ئىزدىنىش

(تاللانما)

5 2000

www.uyghurkitap.com


# ئىزدىنىش

(تاللانما)

2000-يىل 5-سان
(ئومۇمىي 143-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 2000-يىللىق 5-، 6-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى


---

## مۇندەرىجە


مائارىپ مەسىلىسى ھەققىدە قىلىنغان سۆز
(2000-يىل 2-ئاينىڭ 1-كۈنى) ........................................ جياڭ زېمىن(2)

ھۆكۈمەتنى قاتتىق باشقۇرۇپ، باشقۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتەيلى ...... جۇ رۇڭجى(6)

ئىشەنچنى چىڭتىپ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرەيلى···ۋېي جيەنشىڭ(11)

«سۆز» روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياش-ئۆسمۈرلەر تەربىيىسىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتايلى........................ ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى(34)

تاشقى ئىقتىساد-سودىنى راۋاجلاندۇرۇپ، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرەيلى ........................ شى گۇاڭشېڭ(37)


★5-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★

---


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: CN11-2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋاكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)


---

# مائارىپ مەسىلىسى ھەققىدە قىلىنغان سۆز

(2000-يىل 2-ئاينىڭ 1-كۈنى)

**جياڭ زېمىن**

يېقىندا ئىككى ماتېرىيال كۆردۈم، ئۇنىڭ بىرسىدە جېجياڭ ئۆلكىسى جىنخۇا شەھەرلىك 4-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2-يىللىقتىكى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجە دەرىجىسى ۋە ئائىلە باشلىقىنىڭ بېسىمىغا چىدىماي ئانىسىنى بولقا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ يەنە بىرسىدە جېجياڭ ئۆلكىسى ۋېنجۇ شەھىرى يۇڭجيا ناھىيىسى چياۋتۇ بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ بىر ساۋاقدىشىنىڭ پۇلىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنى پىچاق بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۈگۈنكى «نۇر گېزىتى»دە يەنە خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ شەھىرىدە بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوغلىنىڭ ”ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى“ بولۇپ باھالىنالمىغانلىقى ۋە پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقى بولالمىغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئادەم باشلاپ بېرىپ سىنىپ مەسئۇلىنى ئۇرغانلىقى بېسىلدى. مۇشۇنداق ماتېرىياللارنى بۇرۇنمۇ كۆرگەن، بۇ راستىنلا ئادەمنى چۆچۈتىدىغان ئىش بولۇپ، مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشكە توغرا يېتەكلەپ ۋە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە ئېستېتىك تۇيغۇ جەھەتلەردىن ئومۇميۈزلۈك يېتىلدۈرۈش دۆلىتىمىز مائارىپىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. سىياسىي بيۇرونىڭ دائىمىي ئەزالىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردىكى مەسئۇل يولداشلارمۇ ھەممىمىز بۇ مەسىلىنى ئەستايىدىل ئويلىنىشىمىز، ھەمدە ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، مائارىپ خىزمىتىنى كۈچەيتىشىمىز ۋە ياخشىلىشىمىز لازىم.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خەلق مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، نۇرغۇن زېھنىنى سەرپ قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى، دۆلىتىمىزدە تەخمىنەن 400 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇس بار ئىدى، 80 پىرسەنت ئادەم ساۋاتسىز بولۇپ، تەربىيە كۆرگەن ئادەم ئىنتايىن ئاز ئىدى. ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇسى 1 مىليارد 250 مىليونغا يەتتى، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئادەم سانى 240 مىليونغا يەتتى. بۇ ئاجايىپ نەتىجە.

مائارىپ بىر سىستېما قۇرۇلۇشى، مائارىپ سۈپىتىنى ۋە مائارىپ سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش

ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارغا بولغان مەدەنىيەت بىلىملىرى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپلا قالماي، يەنە ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىنى، ئەخلاق تەربىيىسىنى، ئىنتىزام تەربىيىسىنى، قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى ھەققىي كۈچەيتىش لازىم. ئوقۇتقۇچىلار ”ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى“ بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوقۇتۇش ئىشىنىلا ئەمەس، تەربىيىلەش ئىشىنىمۇ ياخشى ئىشلىشى، ئۆزى ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئۈلگە بولۇشى لازىم. مائارىپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش يالغۇز مەكتەپ ۋە مائارىپ تارماقلىرىنىڭلا ئىشى ئەمەس، ئائىلە، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى بىرلىكتە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى لازىم. ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەر تەرەپتىن تۇتۇش قىلىپ، ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت شەكىللەندۈرگەندىلا، ياش بىر ئەۋلادلار راۋۇرۇس ئۆسۈپ يېتىلەلەيدۇ.

ھازىر، كۆپ ساندىكى ئائىلىلەر يالغۇز پەرزەنتلىك ئائىلە، تۇرمۇش شارائىتىمۇ ياخشى، ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ”ئوغلۇم تالانتلىق زات بولۇپ چىقسۇن“ دەيدىغان ئۈمىد بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشى تەربىيە ئېلىشىنى ئارزۇ قىلىشىمۇ تەبىئىي ئەھۋال. بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىز، مائارىپ تارماقلىرىمىز شۇنداقلا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باشقا تارماقلىرىنىڭ ھەممىسى يېتەكلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىختىساسلىق خادىم بولۇپ يېتىلىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان جىددىي ئارزۇسىنى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش، تەربىيىلەشتىكى تەلەپچانلىقىنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇقۇشتىكى قىزغىنلىقىنى توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشى لازىم. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ياخشى بىر تەرەپ قىلىنماسلىقى سەۋەبىدىن بەزى پاسسىپ ھەتتا سەلبىي تەرەپلەردىكى ئاقىۋەتلەر زادىلا كېلىپ چىقمىسۇن. ھازىر بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكى ئىنتايىن ئېغىر بولغانلىقتىن، ئۇلارغا ناھايىتى چوڭ روھىي بېسىم پەيدا قىلىۋاتىدۇ، بۇ ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز. يەنە بىر قىسىم مەكتەپ ۋە جايلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئىگەللىشى ۋە مەكتەپنىڭ ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى خېلى چىڭ تۇتۇۋاتىدۇ، ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيە-ئەخلاق، قانۇن-ئىنتىزام تەربىيىسى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ سىرتىدىكى پائالىيەت ئەھۋالى دىققەتلەرنى تازا چىڭ تۇتماۋاتىدۇ، نەتىجىدە بەزى ئوقۇغۇچىلار جەمئىيەتتىكى ناچار تەسىرلەرنى قوبۇل قىلىۋالغان، بەزىلەر ھەتتا جىنايەت يولىغا مېڭىپ قالغان. بۇ مەسىلىلەر ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ۋە ھەر دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرىنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى تارتىشى لازىم، ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەربىيە خىزمىتىنى بولۇپمۇ ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيىسىنى، قانۇن-ئىنتىزام تەربىيىسىنى مەكتەپ ئىچىدە ياكى سىرتىدا بولسۇن، دەرسخانا ئىچىدە ياكى سىرتىدا بولسۇن ئارىلاقمۇ بوشاشتۇرۇپ قويماي چىڭ تۇتۇش لازىم.

مەكتەپ ۋە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ياش-ئۆسمۈرلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈشى توغرا، جاپالىق ئۆگەنمەي ۋە چېنىقماي تۇرۇپ، ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى تەس، ئەمما چوقۇم توغرا يېتەكچى ئىدىيە ۋە تەربىيە ئۇسۇلى بولۇشى لازىم. قەدىمدە چېچىدىن ئېسىپ قويۇش، يوتىسىغا بىگىز سانجىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان ھېكايىلەر ئۆتكەن، بۇ ھېكايىلەردە ئاساسلىقى

ياش-ئۆسمۈرلەرنى تىرىشچان ئىرادىگە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەش مەقسەت قىلىنغان. ئەگەر ئۇسۇل توغرا بولماي قالسا ياكى مۇۋاپىق بولماي قالسا، دەل ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىپمۇ قالىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ساۋاقلار ئاز ئەمەس، ئۇلاردىن ئىبرەت ئېلىشىمىز لازىم. ياش-ئۆسمۈرلەرنى ئەتىدىن كەچكىچە كىتابقا ۋە ئۆيگە سولاپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئۇلارنى بەزى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەجرىبىسىنى ئاشۇرۇش لازىم. مەكتەپ بولسا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان مۇھىم بازا، مائارىپ بولسا ئۇلۇغ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشى. بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى مائارىپنى سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، مائارىپنى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش دېگەن مائارىپ فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىشى لازىم. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان يېڭى مۇرەككەپ مۇھىتتا، مۇشۇنداق مائارىپ فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

ھازىر ئېلىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ مائارىپى تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، ئۆتكەن يىلى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار سانى زور ھەجىمدە ئاشتى. ئەمما دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇسى كۆپ، ھەممە ئادەمنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشى مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلارلا ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ چىقالايدىغان ئىشمۇ يوق. جەمئىيەتكە ئېھتىياجلىق بولغان ئىختىساس ئىگىسى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. ”ھەرقانداق كەسىپنىڭ تالانتلىق كىشىلىرى بولىدۇ.“ فېئوداللىق دەۋردە ”ھەممە ئىشلار بىر تىيىن، ئوقۇش ئەلا ھەممىدىن“، ”ئۆي تۇتۇش بىلەن ئوردا ئىمتىھانىدىن ئۆتۈش ئادەمنىڭ ئۆمرىدىكى ئىككى چوڭ ئىشتۇر“، ”كىتابتىن مال-دۇنيانى تېپىۋالالايسەن، كىتابتىن ساھىپجامالنى تېپىۋالالايسەن“ دېگەندەك قاراشلار بولغان. بۇنىڭدا فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ شاكاللىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي تاپمىغانلىقىنىڭ چەكلىمىلىكى بار. بۈگۈنكى كۈندە مەسىلىگە بۇنداق قارىساق بولمايدۇ. 21-ئەسىردە دۆلىتىمىز بىلىمنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەرگە مۇھتاج بولغاندىن سىرت، ئەمگەكنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشقىمۇ مۇھتاج، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياجى كۆپ تەرەپلىمىلىك. بۇ — دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىنىڭ ۋە ئىقتىسادنى، جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ياش بىر ئەۋلادنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن كەڭ سەھنە ھازىرلاپ بەردى. ئۇلار ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ياشلىقنى تەقدىم قىلىش ئىرادىسىنى تىكلەپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئۇلۇغ ئىشلىرىغا ئاتلانسىلا، ئەمەلىي بىلىم ۋە ماھارەتنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىگەللەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ۋەتەن ۋە خەلققە تەقدىم قىلسىلا، چوقۇم يارامىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇپ يېتىلىپ چىقالايدۇ. مەكتەپتە ئالغان تەربىيە ئاساسىي تەربىيىدىنلا ئىبارەت، گەرچە بۇ ئاساسىي تەربىيە ئىنتايىن مۇھىم بولسىمۇ، بۇ بەرىبىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئالىدىغان پۈتۈن تەربىيە ئەمەس، ئادەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆگىنىشى لازىم، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئاخىرقى ھېسابتا جەمئىيەتنىڭ بۈيۈك ئەمەلىيىتىدە ۋە ئۆزىنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشىش ئارقىسىدا ئىشقا ئاشىدۇ. بۇ

www.uyghurkitap.com

كۆزقاراشنى پۈتۈن جەمئىيەتتە ياخشى تەشۋىق قىلىش لازىم.

مېنىڭ مائارىپنى سىستېما قۇرۇلۇشى دېگىنىم شۇنداق دېگەنلىككى، مائارىپ ئىشلىرىغا پۈتۈن جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى لازىم. بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق، سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى تىكلىشىگە ياردەم بېرىش لازىم. بۇ خىزمەتنى مائارىپ تارماقلىرىلا ئىشلەپ قالماي، تەشۋىقات-ئىدىيە تارماقلىرى، سىياسىي قانۇن تارماقلىرى شۇنداقلا ئۇنىڭدىن باشقا تارماقلارمۇ ئىشلىشى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت بىللە ئىشلىشى لازىم. مەكتەپتە ۋە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا چوقۇم توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇش، ناتوغرا، يامان كەيپىياتلارنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ھەرگىزمۇ يول قويماسلىق لازىم. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كۆرۈلگەن يامان قىلمىشلارغا قارىتا ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش، قانۇنسىز قىلمىشلارغا قارىتا چوقۇم قانۇن بويىچە كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش، يامانىنى ھەرگىزمۇ رايىغا قويۇپ بەرمەسلىك لازىم. يېقىنقى بىر مەزگىلدە بىر قىسىم مەكتەپلەردىكى ۋە مەكتەپ ئەتراپىدىكى جەمئىيەت ئامانلىقى ياخشى بولماسلىق ھالىتىنى نۇقتىلىق تۈزەش لازىم. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان ناتوغرا، يامان كەيپىياتلارغا قارىتا مەكتەپ ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار جەزمەن بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇشى، ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە باشلىقلىرىغا بولغان خىزمەتنى كۈچەيتىشى لازىم. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا دائىم ئىنتىزام-قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنتىزام-قانۇنچىلىق كۆزقارىشىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش داۋلىسىنى بىلدۈرۈش لازىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىنچ، ئىناق، ساغلام بولغان ئۆگىنىش مۇھىتىدا ئوقۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. دۆلىتىمىز كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت بولغاندىكىن، بۇنىڭغا كۈچىمىز يېتىدىغانلىقىدا گەپ بولمىسا كېرەك، بۇنى جەزمەن ئەمەلدە كۆرسىتىشىمىز لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەردىكى رەھبىرىي يولداشلار مائارىپ خىزمىتىگە ۋە ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش لازىم، ئۇنداق بولمىغاندا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا يۇكسەلدۈرگىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، مائارىپ خىزمىتىنى ۋە ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش بىزنىڭ پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش-قازىنالماسلىقىمىزغا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش-قازىنالماسلىقىمىزغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، كۆپچىلىك مانا مۇشۇنداق يۇكسەكلىكتە تۇرۇپ مەسىلىنى تونۇشى، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى لازىم.

# ھۆكۈمەتنى قاتتىق باشقۇرۇپ، باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىلى

جۇ رۇڭجى

1990-يىلى، چىگىش-مۇرەككەپ بولغان ئىچكى-تاشقى مۇھىتتا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى داۋاملىق ھالدا ئومۇميۈزلۈك ئالغا سۈرۈلۈپ، ھەرقايسى سەپلەردە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئالدىن كۆزلەنگەن خىزمەت نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئومۇمىي ۋەزىيەت ياخشى، بەزى تەرەپلەردە مۆلچەردىكىدىنمۇ ياخشى. بۇنىڭ ئاساسلىق نامايەندىلىرى مۇنداق: ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ۋە ئۈنۈمى ئۆستى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشلىرىدا مۇھىم ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، پەن-تېخنىكا، مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇميۈزلۈك راۋاج تاپتى، شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى داۋاملىق ياخشىلاندى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك ۋە دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، جەمئىيەت مۇقىملىقى ساقلاندى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، توغرا رەھبەرلىك قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممە كىشىنىڭ مەركەزنىڭ ئىچكى ئېھتىياجىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش توغرىسىدىكى تەدبىرىنى ۋە بىر قاتار فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئورتاق كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

مەركەزنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ھەققىدىكى چوڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرى ئايدىڭلاشتى، دۆلەتنىڭ بىر قىسىم ئاساسلىق قانۇن-نىزاملىرىمۇ ئېلان قىلىندى، گوۋۇيۈەن بۇ يىللىق ھۆكۈمەت خىزمەتلىرىنىمۇ كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. بۇلارنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر تۈرلۈك نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ ھالقىلىق بىر نۇقتىسى ھۆكۈمەتنى ھەقىقىي تۈردە قاتتىق باشقۇرۇپ، باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش جەھەتتە كۈچ چىقىرىشتىن ئىبارەت.

باشقۇرۇش مەسىلىسى بىر كونا مەسىلە، شۇنداقتىمۇ بۇنى يەنىلا ئالاھىدە تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى دۆلىتىمىزدە باشقۇرۇش جەھەتتىكى مەسىلىلەر ھەل قىلىنىشتىن تېخى خېلىلا يىراقتا تۇرماقتا. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان باشقۇرۇش نازارەتنى كۈچەيتىش ۋە تۈزەش ئېلىپ بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كارخانىلاردىلا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ قالماي، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، مالىيە-باج، پۇل مۇئامىلە، سودا، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ ھەممىسىدە باشقۇرۇشنى

كۈچەيتىش لازىم. ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىدا باشقۇرۇشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ھالدا ئوبدان تۇتۇش، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا فۇنكسىيىنى ئۆزگەرتىش، خىزمەت ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىش، مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى زور كۈچ بىلەن ئاشۇرۇش لازىم. ھەرقايسى تەرەپلەر ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش جەھەتتە زور كۈچ چىقىرىپ، ھەقىقىي كۈچ چىقىرىپ، قاتتىق كۈچ چىقىرىپ، باشقۇرۇشتىن ئۈنۈمنى، سۈپەتنى، پايدىنى ھاسىل قىلىشقا تىرىشقاندىلا، ئاندىن مەركەزنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە ھەر تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

باشقۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش. نۆۋەتتە ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش، ئوبوروت شۇنداقلا باشقا ھەرقايسى ساھەلەردە باشقۇرۇش بوش بولۇش، ئىنتىزام بوشىشىپ كېتىش، تۈزۈم شەكىلگە ئايلىنىپ قېلىش، خىزمەت تەرتىپى قالايمىقان بولۇشتەك ھادىسىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا مەۋجۇت بولۇپ، مەركەزنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزمەكتە، ھەر تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە توسالغۇ بولۇپ تۇرماقتا، ئەمدى قەتئىي نىيەت بىلەن تۈزىمىسەك بولمايدىغان يەرگە بېرىپ قالدى. شۇنى تېخىمۇ كۆرۈپ يېتىش لازىمكى، دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويىدۇ، بىز كۈنسايىن جىددىيلىشىۋاتقان خەلقئارا رىقابەتكە دۇچ كېلىمىز، بۇ بىز ئۈچۈن ھەم ياخشى پۇرسەت، ھەم كەسكىن سىناق ھېسابلىنىدۇ. مۇبادا باشقۇرۇشتا يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ قويمىساق، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ۋە خەۋپ-خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرماق تەسكە چۈشىدۇ. شۇڭلاشقا بېكىتىلگەن فاڭجېن، سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە بولسۇن، ياكى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش جەھەتتە بولسۇن، بىزدە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك، باشقۇرۇشنى قاتتىق تۇتۇپ، تېزدىن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

بىرىنچىدىن، كارخانىلارنى ئىلمىي باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم. دۆلەت كارخانىلىرىمىزنىڭ ئىسلاھاتىدا ۋە تەرەققىياتىدا ئەپلىك يول يوق، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشىلاپ ۋە كۈچەيتىپ، بىر يۈرۈش زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقىلى بولمايدۇ. دۆلەت كارخانىلىرى چوقۇم زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئىسلاھات ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، دىققەت-ئېتىبارىنى ئىچكى ئىشلىرىغا قارىتىپ، كارخانىنى قاتتىق باشقۇرۇشى لازىم. كارخانىلارنى ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە، مالىيە جەھەتتىن تەننەرخ باشقۇرۇشنى ۋە سۈپەت باشقۇرۇشنى مەركەز قىلغان ھەر تۈرلۈك باشقۇرۇشنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى تۇتۇش لازىم. ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارغا نازارەتچىلىك ھەيئىتى ۋە باش بوغالتىر ئەۋەتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەپ، دۆلەت كارخانىلىرىغا بولغان نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش لازىم. كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى يەنىمۇ تەرتىپكە

سىلىش، بولۇپمۇ بىر قىسىم ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك ياش كادىرلارنى تاللاپ رەھبەرلىك بەنزىسگە كىرگۈزۈش لازىم. ئالدىنقى بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە، بىخەتەرلىككە ئائىت چوڭ ۋەقەلەرنىڭ پات-پات يۈز بېرىپ تۇرۇشىنىڭ يىلتىزىمۇ باشقۇرۇش قاتتىق بولمىغانلىقىدا. شۇڭلاشقا، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى باشقۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ۋەقە يۈز بېرىشتىكى يوشۇرۇن ئامىللارنى ئۆز ۋاقتىدا تۈگىتىش لازىم.

ئىككىنچىدىن، مالىيە-ئىقتىساد باشقۇرۇشنى ئالاھىدە ياخشى تۇتۇپ، مالىيە-باج ۋە پۇل مۇئامىلە ئىنتىزامىنى چىڭىتىش لازىم. بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: قانۇن بويىچە باج باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، باج قانۇنىنىڭ بىرلىكى ۋە نوپۇزىنى قوغداش؛ خامچوتتىن سىرتقى مەبلەغنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەق ئېلىش، جەرىمانە قويۇش، مۇسادىرە قىلىش تارماقلىرىدا ”كىرىم-چىقىمنى ئايرىپ باشقۇرۇش“ ئۇسۇلىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇش؛ ھەر خىل نامدىكى قالايمىقان ھەق ئېلىش، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش، قالايمىقان سېلىق سېلىش ئىشلىرىنى داۋاملىق ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىش، بولۇپمۇ يېزا، كارخانا، مائارىپ قاتارلىق تەرەپلەردىكى ”ئۈچ قالايمىقان“نى ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىش لازىم. بانكا، ئاكسىيە، سۇغۇرتا سىستېمىلىرىنى قاتتىق باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش ئىنتايىن مۇھىم، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا بولغان تاشقى نازارەت ۋە ئىچكى نازارەتنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم. جۇڭگو خەلق بانكىسى سودا بانكىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى چىڭ تۇتۇپ تەتقىق قىلىپ، ھەرقايسى سودا بانكىلىرىنىڭ تىجارەت ئەھۋالىغا توغرا باھا بېرەلەيدىغان بىر يۈرۈش ئىلمىي بولغان كۆرسەتكۈچ سىستېمىسىنى تۈزۈپ چىقىشى، شۇ ئارقىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇكاپاتلاشقا تېگىشلىكنى مۇكاپاتلاش، جازالاشقا تېگىشلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئىجتىمائىي كرېدىت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرتىپكە سېلىپ، ھېساب بوغۇش ئىنتىزامىنى چىڭىتىش لازىم. دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار ۋە نۇقتىلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدا نازارەتچىلىك ھەيئىتى تەسىس قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ بېرىش كېرەك، نازارەتچىلىك ھەيئىتى گوۋۇيۈەندىن بىر تۇتاش ئەۋەتىلىدۇ، نازارەتچىلىك ھەيئىتى گوۋۇيۈەن ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، ھەمدە گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن دۆلەت مۈلكىنىڭ سۈپىتى ۋە قىممىتىنىڭ ساقلىنىش-ئېشىش ئەھۋالى ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىدۇ. ئىقتىسادقا ئائىت باھالاش-گۇۋاھلىق قىلىش تۈرىدىكى ئىجتىمائىي ۋاستىچىلىك ئاپپاراتلىرىنى ئەستايىدىل رەتلەپ ۋە تەرتىپكە سېلىپ، ”قالايمىقان قۇرۇش، قالايمىقان باشقۇرۇش، قالايمىقان تىجارەت قىلىش“ قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىش لازىم. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بۇ خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇردى، چىڭ تۇتۇپ ئەستايىدىل ئىشلەش لازىم. يۇقىرىقى جەھەتلەردىكى باشقۇرۇشنى ياخشىلاشتا، رېۋىزىيە ۋە مۇپەتتىش تارماقلىرىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، ئوبوروت ۋە بىناكارلىق ساھەلىرىنىڭ تەرتىپىنى يەنىمۇ تۈزەپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، بازار ئۈستىدىكى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. نۆۋەتتە، ئېلىمىزنىڭ ئوبوروت ساھەسىدە ھەر خىل قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار يەنىلا بىرقەدەر ئېغىر، بىر قىسىملىرى قايتا-قايتا چەكلەنسىمۇ يۈز بېرىپ

تۇرۇۋاتىدۇ، بۇلار سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ نورمال راۋاجلىنىشى ۋە يۈرۈشۈشىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ ۋە كاشىلا قىلىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، يالغان، ناچار مەھسۇلاتلارنى ياساش-سېتىش، ئەتكەسچىلىك قىلىش، ئەتكەس ماللارنى سېتىش ۋە باشقا سودا ئالدامچىلىقى قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ ھالىيىتلەرگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش، ھەرگىزمۇ يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىق لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بازارنى بۆلۈشۈۋالىدىغان، قامال قىلىدىغان ھەر تۈرلۈك يەرلىك قوروقچىلىق ۋە ناتوغرا رىقابەت قىلمىشلىرىنى قەتئىي توسۇپ، ئادىل رىقابەتلىشىدىغان نورمال بازار تەرتىپىگە كاپالەتلىك قىلىپ، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بازارنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ھازىر، بىناكارلىق ساھەسىدىكى مەسىلىلەر خېلىلا ئېغىر، ئۇنى زور كۈچ بىلەن تەرتىپكە سېلىش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالدى. شەكىللىك بىناكارلىق بازىرىنى ساغلاملاشتۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ خېرىدار چاقىرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ۋە يالغان خېرىدار چاقىرىدىغان قىلمىشلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، چارلىغۇچى، لايىھەلىگۈچى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى، نازارەت قىلغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئۆزى ھۆددىگە ئالغان قۇرۇلۇشنى يەنە باشقىلارغا ھۆددىگە بېرىدىغان ۋە قانۇنسىز ھالدا بۆلۈپ ھۆددىگە ئالىدىغان ئىشلىرىنى قەتئىي توسۇش لازىم. بۇ يىل بىناكارلىق بازىرىنى تەرتىپكە سېلىش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. قۇرۇلۇشنىڭ ھەر تەرەپلىرى، پۈتۈن جەريانى ئۈستىدىن نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن، چارلىغۇچى ئورۇن، لايىھەلىگۈچى ئورۇن، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن، قۇرۇلۇشنى نازارەت قىلغۇچى ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىگە قارىتا جاۋابكار بولۇشى لازىم، قۇرۇلۇش سۈپىتى بەلگىلىمىسى-گە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جەزمەن قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش لازىم.

باشقۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىشنى چىڭ تۇتۇشتا، چوقۇم زور كۈچ بىلەن قائىدە-تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، قاتتىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ئىشنى قائىدىگە سالمىغاندا يۈرۈشتۈرگىلى بولمايدۇ، ئەمەل قىلغۇدەك قائىدە بولۇش، قائىدىگە چوقۇم ئەمەل قىلىش، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، ھەر تۈرلۈك باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ. باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە، ئەڭ مۇھىمى پارتىيە ئالدىدا ۋە خەلق ئالدىدا يۇقىرى دەرىجىدە جاۋابكار بولۇش روھى بىلەن، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىش، يامانغا تېگىشكە جۈرئەت قىلىش لازىم. چاكىنا ئىستىلغا، ياخشىچاقلىققا قارشى تۇرۇش لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش دېگىنىمىز قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4-قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: ”دۆلەتنى ئوبدان باشقۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن پارتىيىنى ئوبدان باشقۇرۇش لازىم، پارتىيىنى باشقۇرۇشتا چوقۇم قاتتىق بولۇش لازىم“. بىز يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوقۇم ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى ھۆكۈمەتنى

قاتتىق باشقۇرۇشنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ تۇتۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرۇشنىڭ كۈچىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاش دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىغا چېتىلىدۇ. ھۆكۈمەت چوقۇم پاك، تىرىشچان، ئەمەلىيەتچىل، ئۈنۈمدار بولۇشى ھەممىدە پاكلىقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى لازىم. پاكلىق بىرىنچى ئورۇندا، تىرىشچانلىق ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ ئىككى تەلەپكە يېتەلمىسە، خەلققە پەقەت يۈز كەلگىلى بولمايدۇ. پاكلىق بولمىسا، تىرىشچانلىق، ئەمەلىيەتچىللىك، ئۈنۈمدارلىق دېگەنلەردىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇ يىل خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، «پاكلىق نىزامى»نى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ”ئۈچ بەلگىلىمە“ ۋە ”بەش تەلەپ“نى داۋاملىق ئىجرا قىلىش لازىم. بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۈپكى ۋەزىپىسى جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش ئەڭ ئەقەللىي تەلەپتۇر. قەدىمكىلەر مۇنداق دېگەن: ”ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى توغرا يول تۇتۇشى لازىم؛ باشلامچى بولۇپ توغرا يول تۇتساڭ، كىممۇ توغرا يولدا ماڭماسلىققا جۈرئەت قىلسۇن“. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ھەر بىر خىزمەتچى خادىم پاك-دىيانەتلىك بولۇشى، ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى، خەلقنىڭ سەممىي ئارزۇسىنى يەردە قويماسلىقى لازىم.

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش-پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش ئىشىمۇ باشقۇرۇشنى قاتتىق كۈچەيتىشتىن باشلىنىشى كېرەك. چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ قايتا-قايتا چەكلەنسىمۇ تۈگىمەيۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى بىر قىسىم تارماقلار، ئىدارىلەرنىڭ كادىرلارنى تەربىيىلىشى، باشقۇرۇشى، نازارەت قىلىشىنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقىدا، مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نازارەت قىلىش، چەكلەش مېخانىزمىنى چىڭىتىپ، ھەر تۈرلۈك قانۇن ۋە قائىدە-تۈزۈملەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، چىرىكلىكنى باش مەنبەسىدىن توسۇش ۋە تۈگىتىش لازىم.

www.uyghurkitap.com

# ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيە ئىستىل-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرەيلى*

ۋېي جيەنشىڭ

2000-يىل ئەسىر ئالماشقان يىل، 9-بەش يىللىق پىلانىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى قەدەمدىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر يىل، شۇنداقلا 15-قۇرۇلتاي بەلگىلىگەن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمەت نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ھالقىلىق بىر يىل. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيى ۋە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-، 4-ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ شۇنىڭدەك مەركىزىي كومىتېت ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۆۋەتتىكى پارتىيە ئىستىل-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئىگىلەپ، 2000-يىللىق پارتىيە ئىستىل-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

## 1. نۆۋەتتىكى پارتىيە ئىستىل-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ۋەزىيىتى

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك ئېغىر سىياسىي كۈرەش، يەنە كېلىپ بۇ كۈرەش مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىت ۋە ئىچكى مۇھىت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. پەقەت

* بۇ يولداش ۋېي جيەنشىڭ 2000-يىل 1-ئاينىڭ 12-كۈنى ج ك پ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4-قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا بەرگەن دوكلات.

ئومۇمىيلىق يۈكسەكلىكىدە، ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدە ۋە سىياسىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ نۆۋەتتىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ۋەزىيىتىنى توغرا تونۇغاندا ۋە ئۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم قىلغاندىلا، ئاندىن نەزەر دائىرىمىزنى ئېچىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، ئۆزگىرىشلەرگە يارىشا ئىش كۆرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ توغرا نىشانىنى مەھكەم ئىگىلىگىلى بولىدۇ؛ ئاندىن ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىقتا پەسەنت قىلماي ئىلگىرىلەپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ھەر خىل زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى بىر تۇتاش ھەل قىلغىلى بولىدۇ؛ ئاندىن ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى بۇ كۈرەشكە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ ۋە جەلپ قىلىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشقا دائىر ھەر تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەت ۋە تەدبىر، ئورۇنلاشتۇرۇشلارنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئومۇمىيىتىنى قوغداش، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغ تەرەققىيات نىشانىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىغا ئاساسەن، پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قاتارىدا كۆرۈپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ 14-قۇرۇلتايدىن بۇيان شەكىللەنگەن يېتەكچى ئىدىيىسى، ئاساسىي پرىنسىپى، رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ۋە خىزمەت ئەندىزىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ۋە سىياسىي قانۇن ئورگانلىرىنىڭ سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشىنى توختىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم قارارنى چىقاردى، پارتىيە ئىستىلى ۋە پاكلىققا دائىر بەزى مۇھىم قائىدە-تۈزۈملەرنى كەينى-كەينىدىن ئېلان قىلدى، بىر تۈركۈم چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، مەركەزدىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئۆزى قۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدىدىن ۋە ئۇلار باشقۇرغان بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلاردىن ئالاقىنى ئۈزۈشى، مەمۇرىي ئىشلار خاراكتېرىدىكى ھەق ئېلىش ۋە جەرىمانە قويۇش، مۇسادىرە قىلىشتىن كىرگەن كىرىمنى ”كىرىم بىلەن چىقىمنى ئايرىپ باشقۇرۇش“ پرىنسىپى بويىچە باشقۇرۇش، سىياسىي قانۇن قوشۇنىغا قارىتا يىغىپ تەربىيىلەش-تۈزەش ئېلىپ بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى، ئەتكەسچىلىككە قارشى بىرلەشمە ھەرىكەت ۋە مەخسۇس كۈرەشنى كۈچلۈك قانات يايدۇردى. بۇلار چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

1999-يىلى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن پارتىيە ئىستىل تۈزىتىش روھى بىلەن ”ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش“ ئاساسىي مەزمۇن

قىلىنغان تەربىيىلەش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى جەھەتتە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھەل قىلدى، بۇنىڭ بىلەن كەڭ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار كۆپ يىللاردىن بېرى بولۇپ باقمىغان بىر قېتىملىق ماركسىزملىق تەربىيىگە ئىگە بولۇپ، ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە، ئىستىل جەھەتتە، ئىنتىزام جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى، پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىمۇ تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، چىرىتىشنى توسۇپ ئايىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە خېيىم-خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى گورۇھىنىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىمىزنى بومباردىمان قىلغانلىقىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۆرەش، لى دېڭخۇيىنىڭ بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۆرەش ۋە بىدئەتچى تەشكىلات "فالۇن گۇڭپىسى"غا قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۆرەش پارتىيىمىزنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇردى، كەڭ پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ سىياسىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ۋە سىياسىي ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش كۆزقارىشىنى كۈچەيتتى. بۇ يېڭى ۋەزىيەتتىكى پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم قارارلىرى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، پۈتۈن پارتىيە ۋە كەڭ كادىر، ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى يېڭى كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، 15-قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن خىزمەت نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قاراپ مېڭىۋاتىدۇ. ئومۇمىي ۋەزىيەت ياخشى.

**رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇش ئېڭى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيدى، مەخسۇس تۈرلەر بويىچە تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك بولۇشىغا دائىر بىرقانچە مىزانى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»، «پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىقتىسادچىللىقنى قاتتىق يولغا قويۇپ، راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ ئىسراپچىلىق قىلىش ھەرىكەت-لىرىنى توسۇشقا دائىر بىرقانچە بەلگىلىمە» قاتارلىق قانۇن-نىزاملاردا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك بولۇشى ھەققىدە ئېنىق قائىدە بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كۆزدە تۇتۇلۇپ، ھەر يىلى ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەر نىشانلانغان بىرنەچچە نۇقتىلىق تۈرلەر بېكىتىلىپ، كۈچنى مەركەز-لەشتۈرۈپ مەخسۇس تۈرلەر بويىچە تۈزەش ئېلىپ بېرىلىپ، نىسبەتەن ياخشى ئۈنۈم كۆرۈلدى. مەسىلەن، ھەرقايسى رايون، ھەرقايسى تارماقلار پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئالاقىلىشىش سايمانلىرىنى سەپلىۋالغانلىقىدەك مەسىلىلەر ئۈستىدە تۈزەش ئېلىپ بېرىپ، بۇ جەھەتتىكى راھەت-پاراغەتكە

بىرلىپ ئىسراپچىلىق قىلىش مەسىلىسىنى نىسبەتەن ياخشى ھەل قىلدى؛ پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ لۇشەن قاتارلىق 12 مەشھۇر مەنزىرىلىك جايلارغا بېرىپ يىغىن ئېچىش شاملى ئاساسىي جەھەتتىن توسۇپ قىلىندى؛ ئاز سانلىق پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن ئۆيلەردە ئولتۇرۇش، كۆپ ئورۇندا ئولتۇراق ئۆي ئىگەللىۋېلىش قاتارلىق مەسىلىلىرى بەزى جايلار ۋە تارماقلاردا نىسبەتەن ياخشى ھەل قىلىندى. 1999-يىلى پۈتۈن پارتىيىدە قانات يايدۇرۇلغان "ئۈچنى تەكىتلەش" تەربىيىسى پائالىيىتى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇش خىزمىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان رايون ۋە تارماقلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كۆپ ساندىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ سۈپىتىدە روشەن يۇكسىلىش بولدى، پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيىۋىلىك ئېڭى ۋە پاك-تەلەپچان بولۇش ئېڭى بەلگىلىك دەرىجىدە كۈچەيتىلدى، كۆپ يىللاردىن بېرى ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان بىر قىسىم گەۋدىلىك مەسىلىلەرمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە تۈزىتىلدى ۋە ھەل قىلىندى.

**چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقى داۋاملىق ئاشۇرۇلۇپ، بىر تۈركۈم چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرلار قاتتىق بىر تەرەپ قىلىندى.** پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بىز چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى باشتىن-ئاخىر چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بىر تۈركۈم چوڭ ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدۇق. 1999-يىلى، ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، قانۇننى ئىجرا قىلىش ئورگانلىرى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە بولۇپمۇ بىر قىسىم يېڭى ئىقتىسادىي ساھەلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، خىزمەت ئورنى يۇقىرى، سوممىسى چوڭ، ئادەم سانى كۆپ، ئەنزە تۇغدۇرۇش ئۇسۇلى يوشۇرۇن، ئەنزە ئەھۋالى مۇرەككەپ، تەسىرى خېلىلا ئېغىر بولغان بىر تۈركۈم چوڭ ئەنزىلەرنى ئېچىپ تاشلىدى ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرغان ئەنزە 130414؛ پارتىيە ئىنتىزامى، ھۆكۈمەت ئىنتىزامى بويىچە چارە كۆرۈلگەنلەر 132447 ئادەم؛ چارە كۆرۈلگەن ئادەملەر ئىچىدە، ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك كادىردىن 4092 ئادەم، ۋىلايەت (نازارەت) دەرىجىلىك كادىردىن 327 ئادەم، ئۆلكە (مىنىستىر) دەرىجىلىك كادىردىن (ئارمىيە كادىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) 17 ئادەم بار. تىپىك چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەردىن نىڭبو شەھىرىنىڭ سابىق شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى شۈي يۈنخۇڭنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش ئەنزىسى، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى خۇ چاڭچىڭنىڭ پارا تەلەپ قىلىش، پارا ئېلىش ئەنزىسى، جۇڭگو خەلقئارا ۋاستىچى مەبلەغ سېلىش شىركىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش مۇدىرى جىن دېچىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ زور مىقداردىكى ئومۇم پۇلنى يۇتۇۋېلىش ئەنزىسى،

گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى جەنجاڭ شەھىرىدىكى ئالاھىدە چوڭ ئەتكەسچىلىك قىلىش، پارا قوبۇل قىلىش ئەنزىسى، داچىڭ شەھىرى داچىڭ لىيەنيى نېفىت خىمىيە چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ پاي چېكى ئەنزىسى قاتارلىقلار. مۇشۇنداق چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغانلىقى پارتىيىمىز-نىڭ چىرىكلىكنى قاتتىق تۈزەشكە بولغان كۈچلۈك ئىرادىسىنى تولۇق ئىپادىلەپ، چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرلار-نىڭ نوخۇلىسىغا كۈچلۈك زەربە بېرىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلدى. بىدئەتچى تەشكىلات "فالۇن گۇڭپىسى"غا زەربە بېرىش كۈرىشىدە، ئېغىر سىياسىي خاتالىق ئۆتكۈزگەن پارتىيە ئەزالىرىغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىملەرگە ئاساسەن ئىنتىزام جازاسى بېرىلىپ ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن چارە كۆرۈلۈپ، پارتىيە سىياسىي ئىنتىزامىنىڭ ئىناۋىتى قوغداپ قېلىندى.

**تارماقلار ۋە كەسىپلەرنىڭ ناتوغرا ئىستىلى مەلۇم دەرىجىدە تۈزىتىلدى، كەسىپ ئىستىلىدا تەدرىجىي ياخشىلىنىش بولدى.** بىرقانچە يىللىق تۈزەش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئاممىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قىسىم تارماق ۋە كەسىپلەرنىڭ ناتوغرا ئىستىل مەسىلىسى، مەسىلەن، دۆلەت يولى ۋە ئۆلكە يولىدىكى "قالايمىقان چازا تۇرغۇزۇش، قالايمىقان ھەق ئېلىش، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش"تەك مەسىلىلەر نىسبەتەن ياخشى ھەل قىلىندى، مەركەزنىڭ دېھقانلارنىڭ يۈكىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى سىياستى دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، كارخانىلاردىن نامۇۋاپىق ھەق ئېلىش تۈرلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى داۋاملىق مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، دورا ئېلىش-سېتىشتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، مەملىكەت بويىچە جەمئىي 110 قانۇنسىز دورا سېتىش بازىرى ۋە 7594 كىنىشكىسى يوق ياكى كىنىشكىسى تولۇق بولمىغان دورا ئىشلەپچىقىرىش ۋە توپ تارقىتىش كارخانىسى بىكار قىلىندى، دورا ئېلىش-سېتىش ئىشلىرى بويىچە 8745 قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپ ئەنزە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. نۇرغۇن جايلار ۋە تارماقلار ناتوغرا ئىستىلنى تۈزەش خىزمىتىنى كەسىپىي ئەخلاق تىكلەش، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش ۋە مەدەنىي كەسىپ يارىتىش بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، كەسىپ ئىستىلىنىڭ تەدرىجىي ھالدا ياخشى تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

**چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئۈنۈۋېرسال ئوڭشاش فاڭجېنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، چىرىكلىكنى باش مەنبەسىدىن توسۇش ۋە تۈگىتىش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى.** ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى ئۆزى قۇرغان تىجارەت خاراكتېرلىك كارخانىلاردىن ئالاقىنى ئۈزۈل-كېسىل ئۈزدى، جەمئىي 19458 كارخانا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 6494 كارخانا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 5615 كارخانىنىڭ يۆلەنچۈكلۈك مۇناسىۋىتى بىكار قىلىندى، كارخانىلارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئۆلانما

خىزمەتلىرى ئاساسەن ئاخىرلاشتى. مەركەزدىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئۆزى قۇرغان ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىدىن ۋە ئۆزى باشقۇرغان بىۋاستە قاراشلىق كارخانىلاردىن ئالاقىنى ئۈزۈش خىزمىتى ئاساسەن ئاخىرلاشتى، جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئۆزى قۇرغان تىجارەت خاراكتېرلىك كارخانىلاردىن ئالاقىنى ئۈزۈش خىزمىتىمۇ ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. ھەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى، تەپتىش مەھكىمىلىرى، سوت مەھكىمىلىرى ۋە سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى شۇنداقلا مەركەز دەرىجىلىك، ئۆلكە دەرىجىلىك ھەم مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك شەھەرلەردىكى، ئۆلكە مەركىزى جايلاشقان شەھەرلەردىكى شەھەر دەرىجىلىك باشقا ھەق يىغىش، جەرىمانە قويۇش تارماقلىرى مەمۇرىي ئىشلار خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش، جەرىمانە قويۇش، مۇسادىرە قىلىش ئىشلىرىدا ”كىرىم بىلەن چىقىمنى ئايرىپ باشقۇرۇش“نى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى ھەم نىسبەتەن كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. شەكىللىك بىناكارلىق بازىرى قۇرۇش خىزمىتى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى، مەملىكەت بويىچە 335 ۋىلايەت (ئوبلاست، ئايماق) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى شەھەردىن تەستىق بىلەن قۇرمايدىغان 14 شەھەردىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىدە شەكىللىك بىناكارلىق بازىرى قۇرۇلۇپ، بىناكارلىق ساھەسىدىكى پاسسىپلىق-چىرىكلىك ھادىسىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە تىزگىنلەندى. بوغالتىر ئەۋەتىش تۈزۈمى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىش تۈزۈمى شۇنىڭدەك كەنت ئىشلىرىنى ئوچۇق تۇتۇش، زاۋۇت ئىشلىرىنى ئوچۇق تۇتۇش، مەمۇرىي ئىشلارنى ئوچۇق تۇتۇش قاتارلىق تۈزۈملەرمۇ تەدرىجىي يۈرگۈزۈلۈپ، ئىجابىي ئۈنۈم بەردى. مۇشۇنداق تۈپتىن ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى چىرىكلىكنى باش مەنبەسىدىن توسۇش ۋە تۈگىتىشنىڭ يولىنى كېڭەيتىپ، بىر قىسىم چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ يامراپ كېتىش يۈزلىنىشىنى ئۈنۈملۈك ھالدا تىزگىنلەپ قالدى.

**چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشقا دائىر رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ۋە خىزمەت مېخانىزمى تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ، پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەمەلىيلىشىۋاتىدۇ.** ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى پارتكومنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشقا ياردەملىشىشتىكى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش رولى جارى قىلدۇرۇلدى، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش ئاڭلىقلىقى كۈچەيتىلدى، خەلق ئاممىسىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە قاتنىشىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1999-يىلى، كۆپ ساندىكى رايون ۋە تارماقلار پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مۇھىم ۋەزىپە قاتارىدا تۇتۇپ، ئۇنى يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت قائىدىسى ياكى ئۇسۇللىرىنى بەلگىلەپ، ۋەزىپىنى قاتلاممۇ قاتلام تەقسىم قىلىپ، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى ھەم مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش قائىدىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى نۇقتىلىق تۇتتى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، مەملىكەت بويىچە 6300 دىن كۆپرەك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي

كادىرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلگەن. پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن پارتىيە ھەرىكەتكە كېلىش، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇش، تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ھەر تەرەپتىن ئالغا سىلجىتىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشنى تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

بۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى باسقۇچ خاراكتېرلىك روشەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلەپىدىن، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىدىن خېلى يىراقتا تۇرماقتا. پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك بولۇشىغا دائىر بەلگىلىمىلەر تېخى ياخشى ئەمەلىيلەشمىدى. ئاز ساندىكى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ قارشى يول تۇتۇپ ئەنزە تۇغدۇرۇش ھادىسىسى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىۋاتىدۇ، يېڭى ئىقتىسادىي ساھەلەردىكى ۋە ئەدلىيە، كادىر ئىشلىرى قاتارلىق خىزمەتلەردىكى قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسى يەنىلا خېلى ئېغىر. ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان بەزى تارماق ۋە كەسىپلەرنىڭ ناتوغرا ئىستىلى تېخى ئۈنۈملۈك تۈزىتىلمىدى، بەزىلىرى قايتىدىن باش كۆتۈرۈۋاتىدۇ. نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بەزى پاسسىپلىق-چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ يامراپ كېتىش يۈزلىنىشى تېخى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەن-مىدى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋەزىپىمىز يەنىلا ئېغىر.

نۆۋەتتىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ھەم ئوبيېكتىپ ئامىل بار، ھەم سۇبيېكتىپ سەۋەب بار. فېئودالىزم ئىدىيىسىنىڭ قالدۇقى، كاپىتالىزم چىرىك ئىدىيىسى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ تەسىرى ۋە چىرىتىشى تۈپەيلىدىن، بەزى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىدا ئېغىش پەيدا بولدى، بەزى پارتىيىلىك كادىرلار كوممۇنىزمغا بولغان غايە ۋە ئىشەنچتىن تەۋرەپ قالدى، ھەتتا ئۇنى يوقىتىپ قويدى. دۆلىتىمىز جەمئىيىتى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ ھەمدە كىيىنمۇ ئۇزاقتىچە شۇ باسقۇچتا تۇرىدۇ، سوتسىيا-لىستىك بازار ئىگىلىكىگە باب كېلىدىغان تۈزۈلمە، مېخانىزم، قانۇن تۈزۈمى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە يەنە بىر جەريان كېرەك. بۇ جەرياندا بەزى بوشلۇق ۋە يوچۇقلار كېلىپ چىقىپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە پاسسىپلىق-چىرىكلىكنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يامراپ كېتىشىگە پۇرسەت تۇغدۇ-رۇپ بېرىشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسى، تەقسىمات تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي مەنپەئەت ئەندىزىسىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولغان ئەھۋال ئاستىدا، چىرىكلىك-نى پەيدا قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئامىللار بەزى جەھەتتە كۆپەيدى، ئىچكى-تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تۈرلۈك چارىلەر بىلەن دۆلىتىمىزگە قارىتا غەربچىلەشتۈرۈش، پارچىلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، چىرىكلىككە

قارشى تۇرۇشنى دەستەك قىلىپ قوشۇنىمىزنى قايمىقانلاشتۇرۇشقا، ھاكىمىيىتىمىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بۇمۇ ئوبيېكتىپ جەھەتتە چىركىنلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىمىزنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. يەنە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، بەزى جايلار ۋە ئورۇنلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ”ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قولدا قاتتىق تۇتۇش“ فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى كۈچلۈك بولمىدى، پارتىيىنى، ھۆكۈمەتنى باشقۇرۇشى قاتتىق بولمىدى، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئىشلىشى ئاجىز بولدى، پارتىيىلىك كادىرلارنى تەربىيىلىشى، باشقۇرۇشى ۋە نازارەت قىلىشى ئىزچىل بولمىدى، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە كەڭچىلىك قىلىش، يۇمشاق قوللۇق قىلىش مەسىلىسى كۆرۈلدى. ئۆز خىزمىتىمىزدىن ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چىركىنلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى تەدبىرىنى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز تازا كۈچلۈك بولمىدى. بىز تۈزگەن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك بولۇشقا دائىر ھەرىكەت مىزانىدىكى بەزى تەلەپلەر تولىمۇ تومتاق قىلىپ قويۇلغان؛ بەزى تەلەپلەر بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما تەكشۈرۈش، بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى كونكرېت چارىلەر كەمچىل بولغان؛ بەلگىلىمىگە خىلاپ بەزى ئىشلار كۆرۈلسىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك تەكشۈرۈلمىگەن، نازارەت قىلىنمىغان ۋە بىر تەرەپ قىلىنمىغان، شۇ سەۋەبتىن ھەرىكەت مىزانىدىكى بەزى بەلگىلىمىلەر دېگەندەك ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىدى. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا چىركىنلىككە قارشى.تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشتىكى تەجرىبىلىرىمىز ۋە ئۇسۇل-چارىلىرىمىز تېخى كۆپ ئەمەس، بەزى پاسسىپلىق-چىركىنلىك ھادىسىلىرىگە قارىتا تىزگىنلەش خاراكتېرىدىكى تەدبىرلەرنى كۆپرەك قوللاندۇق، باش مەنبەسىدىن توسۇش ۋە تۈگىتىشتەك ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى يولنى تۇتالمىدۇق. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدىكى چىركىنلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىز ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزۈشىمىز كەمچىل بولدى، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن يېڭى تەجرىبىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا يەكۈنلەپ تۇرۇشىمىز، ھەقىقىي ئۈنۈملۈك بولغان تۈزەش تەدبىرلىرىنى تېخىمۇ كۆپلەپ ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز يېتەرلىك بولمىدى.

بىز نۆۋەتتىكى چىركىنلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ۋەزىيىتىگە قارىتا ماركسىزمنىڭ دىئالېكتىكىلىق نۇقتىئىنەزىرى بىلەن توغرا قارىشىمىز كېرەك، ھەم قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئىشەنچىمىزنى چىڭىتىشىمىز، ھەم ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەك؛ ھەم چىركىنلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى، مۇشەققەتلىكلىكىنى ۋە مۇرەككەپلىكىنى تولۇق تونۇشىمىز، ھەم تەخىرسىزلىك تۇيغۇمىزنى ئاشۇرۇپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىيىنى ئاساس قىلىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى داۋاملىق قولغا كەلتۈرۈشىمىز، كىچىك غەلىبىلەرنى چوڭ غەلىبىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، ئۈنۈملۈك ھالدا چىركىنلىكنى توسۇشىمىز ۋە تۈگىتىشىمىز

كېرەك.

نۆۋەتتە، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرى پەيدىنپەي ئەمەلىيلەشمەكتە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋاملىق چوڭقۇرلاشماقتا، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش خىزمىتىنىڭ قەدىمى تېزلەشمەكتە، پارتىيىنىڭ ئىدىيەۋى-سىياسىي خىزمىتى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى پەيدىنپەي كۈچەيمەكتە، بۇنىڭ بىلەن چىرىكلىكنىڭ يامراپ كېتىش يۈزلىنىشىنى باش مەنبەسىدىن ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش ئۈچۈن تۈرلۈك پايدىلىق شارائىتلار ھازىرلانماقتا. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە تەتبىقلاپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى زىچ چۆرىدەپ، پارتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ كۈچىگە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ قاتنىشىشىغا تولۇق تايىنىپ، خىزمەتلەرنى قەتئىي تەۋرەنمىگەن ھالدا قانات يايدۇرىدىغانلا بولسا، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ نىشانىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

## 2. 2000-يىلدىكى پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى ۋەزىپىلەر

2000-يىلدىكى پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى چوڭقۇر، پۇختا ھالدا ئوبدان ئىشلەش چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ ئالغا سۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ بۇ يىللىق خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ۋە رولغا ئىگە. 2000-يىلدىكى پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيى ۋە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-، 4-ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىدا ئەستايىدىل چىڭ تۇرۇپ، داۋاملىق ھالدا رەھبىرىي كادىرلار پاك-تەلەپچان بولۇش، قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپ ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، تارماقلاردىكى ۋە كەسىپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك خىزمەتنى ئاساس قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن، يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، نۇقتىلىق ھالدا نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش، ۋەزىپىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى چىڭ تۇتۇش، چىرىكلىكنى باش مەنبەسىدىن توسۇش ۋە تۈگىتىش

جەھەتتە كۆچ چىقىرىپ، پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

**(1) رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك**

«پاكلىق مىزانى»نى ۋە راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ ئىسراپچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى توسۇشقا دائىر بەلگىلىمىلەرنى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ، تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى نۇقتىلىق ھالدا ئوبدان تۇتۇش كېرەك:

رەھبىرىي كادىرلار ھوقۇق ۋە ۋەزىپە جەھەتتىكى تەسىردىن پايدىلىنىپ جورىسى، پەرزەنتلىرىگە قانۇنسىز مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ دېگەن بەلگىلىمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى كېرەك. ھوقۇق ۋە ۋەزىپە جەھەتتىكى تەسىردىن پايدىلىنىپ جورىسى، پەرزەنتلىرىگە قانۇنسىز مەنپەئەت يەتكۈزۈش نۆۋەتتىكى بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشتىكى گەۋدىلىك بىر مەسىلىسى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەرنى قايتا تەكىتلەش ۋە ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كەلدى: (1) ئۆلكە (مىنىستىر)، ۋىلايەت (نازارەت) دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جورىسى، پەرزەنتلى-رىنىڭ شۇ رەھبىرىي كادىر باشقۇرۇۋاتقان رايون ۋە كەسىپ دائىرىسى ئىچىدە ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان خۇسۇسىي كارخانا ئېچىپ سودىگەرچىلىك قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ شۇ رەھبىرىي كادىر باشقۇرۇۋاتقان رايون ۋە كەسىپ دائىرىسى ئىچىدە چەت سودىگەرلىرىنىڭ شېرىكسىز كارخانىلىرىدا ياكى جۇڭگو بىلەن چەت سودىگەرلىرى شېرىكلىشىپ ئاچقان كارخانىلاردا چەت سودىگەرلىرى تەرەپنىڭ تەيىنلىشى، كۆرسىتىشى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىنى ئۆتۈشكە يول قويۇلمايدۇ. بۇ بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىش قىلغان رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە تەشكىلىگە ئەيىبەن دوكلات قىلىشى ۋە تۈزىتىشى شەرت. تۈزىتەمەي تۇرۇۋالغان رەھبىرىي كادىرلار ھازىرقى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشى لازىم، ياكى ئۇنى تەشكىلىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىش لازىم. (2) رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جورىسى، پەرزەنتلىرىنىڭ رەھبىرىي كادىرنىڭ ھوقۇق ۋە ۋەزىپە جەھەتتىكى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ سوۋغا، باھالىق چەك ۋە قىممەت بويۇملارنى قوبۇل قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان بولسا، رەھبىرىي كادىرنىڭ ئۆزىنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىش كېرەك.

نۆۋەتتە بەزى رەھبىرىي كادىرلار ھۆكۈمەت پۇلىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ساياھەت پائالىيىتىگە قاتنىشىش ۋە ھۆكۈمەت پۇلىغا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆيىگە كومپيۇتېر ئورنىتىپ بېرىش ئەھۋالى ئەۋج ئالماقتا. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنۇ بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى: (1) قول ئاستىدىكى ئورۇن ياكى جايلار، تارماقلار ۋە كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار ھۆكۈمەت پۇلىغا ئورۇنلاشتۇرغان شەخسىي ساياھەت پائالىيىتىگە قاتنىششقا يول قويۇلمايدۇ، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان بولسا، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆزىگە ۋە كۆتكۈچى ئورۇندىكى

بىۋاسىتە جاۋابكار ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىمغا تېگىشلىك ئىنتىزام جازاسى بېرىش كېرەك. (2) ھۆكۈمەت پۇلىغا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆيىگە كومپيۇتېر ئورنىتىپ بېرىشكە يول قويۇلمايدۇ، ئورنىتىپ بەرگەن بولسا، قەتئىي تۈزىتىش كېرەك. ھۆكۈمەت پۇلىغا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆيىدىكى كومپيۇتېرنىڭ تورغا كىرىش چىقىمىنى تۆلەشكە يول قويۇلمايدۇ.

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تۇرالغۇ جاي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پۇرسەت بىلىپ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش مەسىلىسى بەزى جايلار ۋە تارماقلاردا بىرقەدەر گەۋدىلىنىپ چىقماقتا، بۇنداق مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تۈزىتىش كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم.

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشتا، تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى ئاساس قىلىش، بېكىتىلگەن تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، بۇنىڭدا مۇھىمى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش سالمىقىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇش كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىكى رەھبەرلىك بەنزىسى يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى دېموكرا- تىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى قىلىپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈشى، ئەستايىدىل تۈزىتىشى كېرەك. ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلار مەركەزنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، پاك-تەلەپچان بولۇش خىزمىتىنى ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسى بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشى كېرەك. ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىنىڭ نەتىجى- لىرىنى مۇستەھكەملەش لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزئارا نازارەت قىلىشنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇش خىزمىتىنى تۇتقىلىق ھالدا داۋاملىق ئوبدان تۇتۇش بىلەن بىرگە، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ۋە يېزا-بازارلارنىڭ ئاساسىي قاتلام رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇش خىزمىتىنىمۇ ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە ئورگانلىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇشقا دائىر بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ئۈستىدىن نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى كۈچەيتىشى كېرەك، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان ھەم ئۆزى تەكشۈرمىگەن، تۈزەتمىگەن ئەھۋال بايقالغان ھامان قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇش خىزمىتىدىكى نازارەت قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى كۈچەيتىپ، پاك-تەلەپچان بولۇش توغرىسىدىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرنىڭ

ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش لازىم.

**(2) كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۈركۈم چوڭ ئەنزە ۋە مۇھىم ئەنزىلەر بويىچە بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك**

ئەنزىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، چىرىك ئۇنسۇرلارنى قاتتىق جازالاش كېرەك. پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرى، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرى، ئەدلىيە ئورگانلىرى، ئىقتىساد باشقۇرۇش تارماقلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ۋە ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، پۇل مۇئامىلىسى، ئاكسىيە، ئۆي-زېمىن، يەرنى ئىجارىگە بېرىشكە تەستىقلاش، يەرنى قايتا ئىجارىگە بېرىش، ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىش ساھەلەردىكى شۇنىڭدەك ئەدلىيە، كادىر ئىشلىرى خىزمىتىدىكى قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئەتكەسچىلىك قىلىش، ئەتكەسماللارنى ئېلىپ-سېتىش، باج-تاشقى پېرېۋوت ئىشلىرىدا ئالدامچىلىق قىلىش ئەنزىلىرىنى، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى رەھبىرىي خادىملارنىڭ قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرىنى، دۆلەت مۈلكىنى ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىتىش ئەنزىلىرىنى شۇنىڭدەك يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. سىياسىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى ھەقىقىي تۈردە ئاشۇرۇپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ”فالۇن گۇڭ مەسىلىسى“ قاتارلىق بىدئەتچى تەشكىلاتلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ سىياسىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرقەدەر مۇھىم ياكى مۇرەككەپ ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. ئىقتىساد باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش تارماقلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق ئىقتىسادىي ساھەلەرگە بولغان نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، قانۇننىڭ ئىجراسى ئۈستىدىن تەپتىشلىك قىلىش، مەخسۇس تەكشۈرۈش ۋە ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈش قاتارلىق خىلمۇخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق چوڭ ئەنزە ۋە مۇھىم ئەنزىلەرنىڭ يىپ ئۇچىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بايقاش كېرەك. چوڭ ئەنزە ۋە مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى تەشكىلىي جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش، جامائەت خەۋپسىزلىكى، رېۋىزىيە، مۇپەتتىش تارماقلىرى يېقىندىن ماسلىشىپ، ئەنزىنى تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىشتا بىرىكمە كۈچ بولۇپ شەكىللىنىشى لازىم. قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرىنى قانۇن-ئىنتىزام بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش، جازا كۆرۈش جەھەتتە

ھەددىدىن زىيادە كەڭچىلىك قىلىش، يۇمشاق قوللۇق قىلىش مەسىلىسىنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك. زىددىيەتتىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇپ، كۈرەش تاكتىكىسىغا ئەھمىيەت بېرىپ، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، چوڭ ئەنزە ۋە مۇھىم ئەنزىلەردە بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

پارتكومنىڭ ئەنزىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىشىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە ئورگانلىرى ۋە تىك لىنىيە بويىچە رەھبەرلىك قىلىنىدىغان سىستېمىدىكى خادىملار تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلارغا ئەنزە بېجىرگىلى بارغاندا، يەرلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە ئورگانلىرى قاتارلىق قانۇن-ئىنتىزامنى ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ قانۇن-ئىنتىزام بويىچە ئەنزە بېجىرىشىنى قوللىشى لازىم. يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە ئورگانلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ ئەنزە بېجىرىش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك، ھەيدەكچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى لازىم. بېجىرىشكە تېگىشلىك ئەنزىلەرنى ئۇزاق مۇددەتكىچە بېجىرمىگەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە ئورگانلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە قاتتىق سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. ئەنزىنى يوشۇرۇپ مەلۇم قىلمىغان، باسۇرۇپ قويۇپ تەكشۈرمىگەن، ئەنزە بېجىرىشكە كاشىلا سالغان رايون ۋە تارماقلاردىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

**(3) تارماقلار ۋە كەسىپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرگەن ھالدا تۈزىتىش لازىم**

دورا ئىشلەش-سېتىش داۋامىدىكى ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ھالدا ئوبدان تۇتۇش كېرەك. ئاممىنىڭ بىخەتەر، ئۈنۈملۈك دورا ئىشلىتىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە جەمئىيەتنىڭ دورا پۇلى جەھەتتىكى نامۇۋاپىق سېلىقىنى يەڭگىللىتىش نىشانىنى چۆرىدىگەن ھالدا، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. قانۇنسىز دورا ئەركىن بازىرىنى بىكار قىلىش جەھەتتىكى نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش، نازارەت قىلىش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش، بۇنداق ئىشلارنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم؛ دورا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت قىلىش تەرتىپىنى داۋاملىق رەتكە سېلىپ، دورا ئىشلەش-سېتىش داۋامىدىكى قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؛ دورا باھاسىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ دورا سېتىۋېلىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. ئالاقىدار تارماقلار مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، خىزمەت نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

تۈزىتىش بىلەن بەرپا قىلىشنى بىللە ئېلىپ بېرىش فاڭجېنىدا ۋە كىم مەسئۇل بولسا شۇ ئىگە بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. زايوم مەخسۇس مەبلىغى بىلەن ئىجتىمائىي كاپالەت فوندىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ئۈستىدىكى قانۇن ئىجراسى تەپتىشلىكىنى ئوبدان تۇتۇپ، مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇش-ئىشلىتىش داۋامىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ۋە پاش قىلىش، يۆتكەپ ئىشلىتىدىغان، زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ۋە ئىسراپ قىلىۋېتىدىغان قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ۋە كارخانىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ ئىشلەش، تاشيولدىكى «ئۈچ قالايمىقانچىلىق»نى ۋە ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەردە قالايمىقان ھەق ئېلىش ئەھۋالىنى تۈزەش جەھەتتە قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش، كەسىپلەرنىڭ ئىستىلىنى دېموكراتىك ئاساستا باھالاش ۋە مەدەنىي كەسىپلەرنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش لازىم. جايلار ۋە تارماقلار يەنە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان مەسىلىلەردىن بىر-ئىككىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىشى كېرەك.

چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئۈچ تۈرلۈك خىزمەت ئەندىزىسىدە چىڭ تۇرۇپ، چىرىكلىكنى باش مەنبەسىدىن توسۇش ۋە تۈگىتىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇپ، ئۈچ تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق بىرنەچچە تۈرلۈك خىزمەتنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى تۇتۇش كېرەك:

1. «كىرىم-چىقىمنى ئايرىپ باشقۇرۇش» توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. «كىرىم-چىقىمنى ئايرىپ باشقۇرۇش»نى يولغا قويۇش چىرىكلىكنى باش مەنبەسىدىن توسۇش ۋە تۈگىتىشتىكى مۇھىم بىر تەدبىر بولۇپ، مالىيە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە مالىيە-ئىقتىساد تەرتىپىنى ياخشىلاش، مەمۇرىي ئىشلارنىڭ قانۇن بويىچە يولغا قويۇلۇشى ۋە قانۇننىڭ ئادىل ئىجرا قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يىل، قولغا كەلگەن خىزمەت نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، ھەق ئېلىش-جەرىمانە قويۇش خىزمىتىنى ئۆتەيدىغان مەركەز دەرىجىلىك 64 ئورۇندىن تارتىپ ناھىيىلىك ئورۇنلارغىچە بولغان ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى «كىرىم-چىقىمنى ئايرىپ باشقۇرۇش» توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم. مۇھىمى قائىدە-نىزاملارنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. «كىرىم-چىقىمنى ئايرىپ باشقۇرۇش»نى يولغا قويۇشنىڭ ئالتە ئۆلچىمى بويىچە، ماددىمۇمادda ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ماددىمۇمادda تەكشۈرۈپ سىناش كېرەك، ھەرقانداق رايون ۋە تارماق ئۆز ئەھۋالىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ئۆلچەمنى ۋە خىزمەت تەلىپىنى تۆۋەنلىتىشكە بولمايدۇ. نەق پۇلنى ئۇدۇل كىرىم قىلىپ، ئۇدۇل چىقىم قىلىش، ھەق ئېلىش ھېسابىدا يىغىلغان پۇللارنى، جەرىمانە پۇلى ۋە مۇسادىرە قىلىنغان پۇللارنى تۇتۇپ قېلىش، يۆتكەپ ئىشلىتىش، شەخسلەر بۆلۈشۈپ كېتىش، ھۆكۈمەت پۇلىنى شەخسىي نام بىلەن ئامانەت قويۇش، يوشۇرۇن «كىچىك خەزىنە» تەسىس

قىلىش قاتارلىق قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپ ھەرىكەتلەر بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىپ، شامالغا قارشى ئىش تۇتقانلارنى «مەمۇرىي ئىشلار خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش ۋە جەرىمانە قويۇش، مۇسادىرە قىلىش ئىشلىرىدا ”كىرىم-چىقىمنى ئايرىپ باشقۇرۇش“ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا مەمۇرىي چارە كۆرۈش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، بىرى سېزىلسە بىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، ئىنتىزامنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك.

2. ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش تۈزۈمىنى پائال يولغا قويۇش كېرەك. ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش مالىيە مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. بۇ خىزمەتتە يېقىنقى يىللاردىن بېرى نۇرغۇنلىغان مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناقلار ئېلىپ بېرىلدى. بۇ يىل، مەركەز دەرىجىلىك، ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا، مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك شەھەرلەر ۋە ئۆلكە مەركىزى دەرىجىلىك شەھەرلەرنىڭ شەھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋە كەسپىي ئورۇنلىرىدا، شۇنىڭدەك شەرت-شارائىتى يار بېرىدىغان ۋىلايەت (شەھەر) دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم. مالىيە تارماقلىرى ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش خىزمىتىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ئاشكارا بولۇش، ئادىل بولۇش، ھەققانىي بولۇش، ئۈنۈملۈك-سۈپەتلىك بولۇش پرىنسىپى بويىچە، ئالاقىدار تۈزۈملەرنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سېتىۋېلىش ھەرىكىتىنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇشى كېرەك. رېۋىزىيە، مۇپەتتىش قاتارلىق تارماقلار ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش ھەرىكىتىگە بولغان نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئۈنۈملۈك بولغان نازارەت قىلىش-چەكلەش مېخانىزمىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىشى لازىم.

3. بوغالتىر ئەۋەتىش تۈزۈمىنى پەيدىنپەي يولغا قويۇش كېرەك. بۇ يىل پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا، خىراجىتى مالىيىدىن ئاجرىتىلىدىغان كەسپىي ئورۇنلاردا ۋە ھۆكۈمەت ھەق يىغىش، جەرىمانە قويۇش، مۇسادىرە قىلىش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈشكە ھوقۇق بەرگەن كەسپىي ئورۇنلاردا بوغالتىر ئەۋەتىش تۈزۈمىنى داۋاملىق سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش لازىم. شارائىتى يار بېرىدىغان ئوتتۇرا ۋە كىچىك دۆلەت كارخانىلىرىدىمۇ بوغالتىر ئەۋەتىش تۈزۈمىنى داۋاملىق سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشقا بولىدۇ.

4. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىۋى نازارەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. بۇ يىل، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى يېزا (بازار) ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسىدە مەمۇرىي ئىشلارنى ئوچۇق تۇتۇشنى يولغا قويۇش لازىم. شارائىتى بار ناھىيە، ۋىلايەت (شەھەر) دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىمۇ مەمۇرىي ئىشلارنى ئوچۇق تۇتۇشنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ. مالىيە ئىشلىرىنى ئوچۇق تۇتۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كەنت ئىشلىرىنى ئوچۇق تۇتۇش تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. كەنت ئىشلىرىنى ئوچۇق تۇتۇشنى يېزا (بازار) مەمۇرىي ئىشلىرىنى ئوچۇق تۇتۇش بىلەن بىرلەشتۈ-

رۇش كېرەك. ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنى ئاساسىي شەكىل قىلغان كارخانىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زاۋۇت ئىشلىرىنى ئوچۇق تۈتۈش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. كادىر ئىشلىرى خىزمىتىدە دېموكراتىك كۆرسىتىش ۋە دېموكراتىك باھالاش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رەھبىرىي كادىرلارنى خىزمەتكە تەيىنلەشتىن بۇرۇن جامائەتكە ئۇقتۇرۇش، رىقابەت بىلەن خىزمەت ئورنىغا چىقىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم.

شەكىللىك بىناكارلىق بازىرى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىش ۋە خېرىدار بولۇش ئۇستىدىكى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوچۇق، ئادىل، باراۋەر بولغان رىقابەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئۆزى قۇرغان تىجارەت خاراكتېرىدىكى كارخانىلاردىن ئالاقىنى ئۈزۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش لازىم. ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىش تۈزۈمىنى پائال يولغا قويۇش لازىم. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، چىرىكلىكنى باش مەنبەسىدىن توسۇش ۋە تۈگىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك يول ۋە ئۇسۇللىرى ئۈستىدە پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدىنىشى لازىم.

# 3. 2000-يىلى پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە تەكىتلەشكە تېگىشلىك بىرقانچە مەسىلە

**(1) 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش لازىم**

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش پارتىيىنىڭ 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىردۇر. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-تىجارىتىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى سىياسىي

كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم.

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتا مۇھىمى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي خادىملىرى باشلامچى بولۇپ قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشى، پاك-تەلەپچان بولۇشى لازىم. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رەھبىرىي خادىملىرى دۆلەتكە ۋاكالىتەن دۆلەت كارخانىلىرىنى باشقۇرىدىغان دۆلەت خىزمەتچىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن «پاكلىق مىزانى» قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك بالگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى كېرەك. نۆۋەتتە بولۇپمۇ مۇنۇلارنى ئەمەلدە كۆرسىتىشى لازىم. (1) شەخسىنىڭ كارخانىنىڭ چوڭ مىقداردىكى مەبلىغىنى ئىشقا سېلىش، ئىشلەپچىقى-رىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە كارخانا ئىسلاھاتى جەھەتتىكى مۇھىم تەدبىرلەرنى بەلگىلەش، مۇھىم خادىملار-نى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بەلگىلىشىگە يول قويۇلمايدۇ. (2) دۆلەت مۈلكىنى شەخسىنىڭ ھېسابىغا كىرگۈزۈۋېلىشقا ياكى باشقا كارخانىلارغا قانۇنسىز مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ؛ مەبلەغ سالغۇچىنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپلا، شەخسىي نام بىلەن دۆلەت (چېگرا) سىرتىدا شىركەتنى رويخەتكە ئالدۇرۇشقا ياكى مەبلەغ سېلىپ پايغا كىرىشكە يول قويۇلمايدۇ. (3) خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ جورىسى، پەرزەنتلىرى ۋە باشقا ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىنىڭ كارخانا ئېچىپ سودىگەرچىلىك قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشكە ۋە ئېتىبار بېرىشكە يول قويۇلمايدۇ؛ جورىسى، پەرزەنتلە-رىنىڭ شۇ كارخانىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان كەلتۈرۈش ئېھتىمالى بولغان ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ. (4) ساختىپەزلىك قىلىپ، نەتىجىلەرنى يالغان مەلۇم قىلىشقا يول قويۇلماي-دۇ؛ مالىيە خادىملىرىغا يول كۆرسىتىش، بۇيرۇق چۈشۈرۈش، زورلاش يوللىرى بىلەن يالغان ھېسابات ئىشلەشكە ياكى قانۇنلۇق ھېسابات دەپتىرىدىن باشقا ھەرقانداق ھېسابات دەپتىرى تۇرغۇزۇشقا يول قويۇلمايدۇ. (5) ئۆزىگە قاراشلىق كارخانىلار ياكى باشقا كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئىختىيارىچە قوشۇمچە ئۆتەشكە يول قويۇلمايدۇ، تەستىق بىلەن قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىگەن بولسا قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەش مائاشى ياكى باشقا نام بىلەن ھەق ئېلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى تەلەپلەرنى كارخانىنىڭ تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈملىرى ۋە قائىدىلىرىگە سىڭدۈرۈش لازىم. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ ئىچكى تەلىپىگە بىنائەن قائىدە-تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، باشقۇرۇشتىكى ئاجىز ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. نۆۋەتتە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، بىرىنچى، زور تەدبىر بەلگىلەشتىكى خاتالىقنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىش لازىم؛ ئىككىنچى، مالىيە ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى، ماددىي ئەشيالارنى ئاشكارا باھا قويۇپ تالىشىپ سېتىۋېلىش تۈزۈمى ۋە قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم؛ ئۈچىنچى، زاۋۇت ئىشلىرىنى ئوچۇق تۇتۇش تۈزۈمىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش، كارخانىدىكى

ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرىغا قارىتا ھەر يىلى بىر قېتىم دېموكراتىك باھالاش، دېموكراتىك سىناش ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش، كارخانا ئىشلىرى ئۈچۈن كەتكەن كۆتۈۋېلىش خىراجىتىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك.

كارخانىنىڭ ئۈنۈمى ئۈستىدىن تەپتىشلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، كارخانا باشقۇرۇشتا پايدا، ئۈنۈم، سۈپەت، بىخەتەرلىك قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلىنىۋاتقان چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا، بۇزۇپ چېچىپ ئىسراپ قىلىش، شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن كۆز بويامچىلىق قىلىش، دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىنى يۇتۇۋېلىش قاتارلىق قىلمىشلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بايقاپ، پاش قىلىپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، باشقۇرۇش جەھەتتىكى بوشلۇقلارنى ئېتىش لازىم. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى رەھبىرىي خادىملارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىش بەلگىلىمىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەت ئۈستىدىكى مۇپەتتىشلىك ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ قانۇن بويىچە تىجارەت قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى تاشقى مۇھىت يارىتىپ بېرىش لازىم.

ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ۋە مەركىزىي كارخانا ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمەت كومىتېتى، رېۋىزىيە مەھكىمىسى تەدبىر تۈزۈپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئاپپاراتلىرىنى كۈچەيتىشى ۋە ساغلاملاشتۇرۇشى لازىم. كارخانىنىڭ پارتكومى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن كارخانىنىڭ مەمۇرىي، كەسپىي تارماقلىرى ئۆزئارا ماسلىشىپ، مەسئۇلىيەتنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىپ، كارخانىلارنىڭ پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

**(2) پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش بەلگىلىمىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك**

پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بەلگىلىمىسىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى چوڭ-قۇرلاپ ياخشى تۇتۇش رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى ئىچىدىكى پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىردۇر. پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر شۇنداقلا ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ۋە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى نۇقتىلىق ھالدا تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتلەردىن

كۈچەيتىشى لازىم. بىرىنچىدىن، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىدا زور ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلگەن؛ ئىككىنچىدىن، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىدا زور ۋەقە ۋە يامان ئىشلار يۈز بەرگەن؛ ئۈچىنچىدىن، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىدا ناتوغرا ئىستىللار ئېغىر، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك، ئۇزاقتىن بۇيان تىزگىنلەنمەي كەلگەن؛ تۆتىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جورىسى، پەرزەنتلىرى بۇ رەھبىرىي كادىرنىڭ ھوقۇق ۋە ۋەزىپە جەھەتتىكى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز پايدا ئېلىپ، يامان تەسىر پەيدا قىلغان. نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھەقىقەتەن جاۋابكارلىقى بار رەھبىرىي كادىرلارنى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش ھەققىدىكى بەلگىلە-مە بويىچە قەتئىي بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئادا قىلىپ، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇشى لازىم. مەسىلە كۆرۈلمىسمۇ تەكشۈرمىگەن، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرمىگەن بولسا، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

**(3) پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ئۈستىدىكى تەشۋىقات-تەربىيىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش كېرەك**

پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ئۈستىدىكى تەشۋىقات-تەربىيە پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى كۈچەيتىشتىكى بىر ئاساسىي خىزمەت. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى بۇ خىزمەتكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى، رەھبەر-لىكنى كۈچەيتىشى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات-تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكرى»نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىدىكى ۋەزىپىلەرنى مەھكەم چۆرىدىگەن ھالدا تەشۋىقات-تەربىيىنىڭ سالمىقىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئىجابىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى ئوبدان ئىگەللەش كېرەك. دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇتۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى يېتەكچى ئىدىيە، فاڭجېن-سىياسەت ۋە زور تەدبىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىسىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى تەدبىر ۋە ئورۇنلاشتۇرۇ-مىسى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى تەشۋىق قىلىش، قايىل قىلارلىق پاكىتلار ئارقىلىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ يامان غەرەزدە قىلغان ھۇجۇمى

ۋە بۆھتانلىرىغا رەددىيە بېرىپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىنى جەزمەن قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىمىزغا بولغان ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش كېرەك. پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىلىك كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى ۋە ئۇلاردا ساقلانغان گۇمانلارنى كۆزدە تۇتۇپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا قايىل قىلارلىق تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش لازىم. ئاخبارات-جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنىڭغا ماھىر بولۇش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاخبارات تەشۋىقات ئىنتىزامىنى چىڭىتىش كېرەك. قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپ تىپىك ئەنزىلەرنى تاللاپ چوڭقۇر خەۋەر قىلىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتە جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىش لازىم.

غايە-ئېتىقاد تەربىيىسىنى مەركىزىي مەزمۇن قىلىپ، كەڭ پارتىيىلىك كادىرلارنى توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تىكلەپ، چىرىتىشنى توسۇپ ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەش لازىم. كەڭ پارتىيىلىك كادىرلار ئارىسىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى (سىناق تەرىقىسىدە يۈرگۈزۈلىدۇ)»، «مەمۇرىي رېۋىزىيە قانۇنى» قاتارلىق پارتىيە ئىنتىزامى، ھۆكۈمەت ئىنتىزامى ۋە قانۇن-نىزاملارنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تىپىك ئىشلاردىن پايدىلىنىپ ئوبرازلىق-جانلىق، كونكرېت، چوڭقۇر بولغان پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، توغرا كەيپىياتنى ئۇلغايتىپ، رەزىللىكنى قامچىلاپ، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ھەق-ناھەق قارىشى ۋە قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ئۈستىدىكى تەشۋىقات-تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى تەشۋىقات، تەشكىلات، مەدەنىيەت، رادىئو-تېلېۋىزىيە، نەشرىيات قاتارلىق تارماقلار بىلەن قەرەللىك ئالاقىلىشىش تۈزۈمى ئورنىتىپ، بىر تۇتاش پىلانلاش ۋە ئۆزئارا ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ئۈستىدىكى تەشۋىقات-تەربىيىدە بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىشى كېرەك. گېزىت-ژۇرنال، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ تەشۋىقاتتىكى يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەخسۇس بەت ئاجرىتىش، ئوبزور يېزىش، مەخسۇس تېما پروگراممىسى ئىشلەش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى جامائەت پىكرى تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. كىنو-تېلېۋىزىيە، تىياتىر، ئەلنەغمە قاتارلىق سەنئەت شەكىللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مەملىكەت بويىچە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش مەزمۇنىدىكى كەڭ تەسىرگە ئىگە ئېسىل ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تىرىشىپ يارىتىش لازىم.

**(4) پارتىينى قاتتىق باشقۇرۇش تەلپىگە بىنائەن، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىسلاھات روھى بىلەن كۈچەيتىش كېرەك**

ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى قوشۇنى پارتىيە بىلەن خەلق ئىشەنگەن قوشۇن بولۇپ، پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا كۆپلىگەن جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇنىمۇ كۆرۈش لازىمكى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ، ئىنتايىن ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان، چىرىتىش-چىرىتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئېغىر سىنىقىغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى كادىرلىرىمىزنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى چىرىتىلىش خەۋپىگە يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار تۇرۇپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى قوشۇن قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى ئورنىغا قويۇشى لازىم. "ئۈچنى تەكىتلەش" تەربىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، غايە، ئېتىقادتىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلىنى چىڭ تۇتۇپ، سىياسىي نەزەرىيە تەربىيىسى ۋە ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈملۈكلۈكىنى ئاشۇرۇپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنىڭ پارتىيە ئىشلىرىغا باشتىن-ئاخىر سادىق بولۇش قەتئىيلىكلىكىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى كوممۇنىستلارنىڭ خىسلىتى ۋە ئىنقىلابىي ساغلام كەيپىياتىنى ساقلاپ، تۈرلۈك خاتا ئىدىيە ۋە قىلمىشلار بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان قىلىش لازىم. تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. نۆۋەتتە، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە جەھەتتىكى كەسپىي بىلىملەر ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر بىلىملەرنى تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىغا زۆرۈر بولغان پۇل مۇئامىلىسى، مالىيە ئىقتىساد، قانۇن ۋە زامانىۋى ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئىگەللىتىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ ئىنتىزام قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم. سىياسىي ئىنتىزامنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنىڭ پارتىيىۋىلىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. خىزمەت ئىنتىزامىغا بولۇپمۇ ئەنزە بېجىرىش ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىشنى چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇش لازىم. مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە مىنىستىرلىكى تۈزگەن «مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە مىنىستىرلىكى ئورگانلىرىنىڭ بىرقانچە ئىنتىزامى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» دە ئورگان خىزمەتچىلىرىگە سىياسىي ئىنتىزامغا، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىنتىزامىغا، خىزمەت ئىنتىزامىغا ۋە ئەنزە بېجىرىش ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىش ھەققىدە كونكرېت تەلەپلەر قويۇلدى ھەمدە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلارنى بىر تەرەپ قىلىش چارىلىرى بەلگىلەندى. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئۆز ئورگانلىرىنىڭ ئىنتىزامىنى مۇكەممەللەشتۈر-

سە بولىدۇ. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە كادىرلىرىنىڭ بولۇپمۇ ئەنزە بىجىرگۈچى خادىملارنىڭ ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

مەركەزنىڭ تەلىپى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم. يولداش جياڭ زېمىننىڭ "يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئاپپارات ئىسلاھاتىدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە ئورگانلىرىنى كۈچەيتىشكە بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ" دېگەن يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەش ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە خىزمىتىدىن ئىبارەت ئىككى فۇنكسىيەنى يۈرگۈزۈش تەلىپىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىلمىي، مۇۋاپىق ھالدا ئىچكى قىسمىدىكى ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىش ۋە خادىملارنى سەپلەش كېرەك. ئاپپارات ئىسلاھاتىنى كادىر ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، رىغبەتلەندۈرۈش ۋە چەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇنەۋۋەر كادىرلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىش، لاياقەتسىز كادىرلارنى تەڭشەپ چۈشۈرۈش، شۇ ئارقىلىق كادىرلار قوشۇنىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە جۇشقۇنلۇقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

يۇقىرىدىن ئەۋەتىلگەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە ئاپپاراتلىرىغا بولغان رەھبەرلىك ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، شۇ ئاپپاراتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئىنتىزام تەكشۈرۈش-رىۋىزىيە ئورگانلىرى ئەۋەتىلگەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە كادىرلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى بىر تۇتاش پىلانغا كىرگۈزۈپ، ئەۋەتىلگەن ئاپپاراتلارنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىشى ۋە ياخشىلىشى لازىم. ئەۋەتىلگەن ئاپپاراتنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەكشۈرۈش ئاساسىدا كۆرسىتىپ، شۇ ئاپپارات تۇرۇشلۇق ئورۇندىكى پارتگۇرۇپپا (پارتكوم)نىڭ پىكرىنى ئېلىش لازىم. ئەۋەتىلگەن ئاپپارات يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا قەرەللىك ھالدا خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش تۈزۈمى، مۇھىم ئىشلارنى ۋاقتىدا دوكلات قىلىش تۈزۈمى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئەۋەتىلگەن ئاپپاراتنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ئەۋەتىلگەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ شتاتىنى ئايرىم بېكىتىش، ئۇنى ئۆلكىلىك (ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك) ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە ئورگانلىرى بىر تۇتاش باشقۇرۇش لازىم. بەزى جايلار ئەۋەتىلگەن ئاپپاراتلارغا قارىتا تىك لىنىيىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشنى سىناق قىلىۋاتىدۇ، بۇ بىر خىل ئىجابىي سىناق، بۇ سىناقنى رەھبەرلىكى بولغان ھالدا ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى

كۆچەيتىشى لازىم. يەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۇ دەرىجىلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ خىزمەت يىغىنىغا قاتنىشىشى لازىم، بۇنىڭدىن مەقسەت پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۆچەيتىشكە قولايلىق تۇغدۇرۇش. پارتكوم، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى دائىم ئاڭلاپ تۇرۇشى، ۋاقتى-ۋاقتىدا خىزمەتنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ تۇرۇشى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە كادىرلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنى قوغدىشى، ئۇلارغا زۆرۈر خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بېرىشى لازىم.

پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا: "بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىلدا پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە كادىرلار قوشۇنىدىكى چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ يامراپ كېتىش يۈزلىنىشىنى تىزگىنلەشكە، پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىدە يېڭى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ، پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن نىشان ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم" دەپ ئېنىق تەلەپ قويۇلدى. 2000-يىل بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئىنتايىن ھالقىلىق بىر يىل. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار چوقۇم يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيى ۋە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-، 4-ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچنى مۇستەھكەملەپ، غەيرەت ئۇستىگە غەيرەت قىلىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ يىلقى پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى قەتئىي ئورۇنداپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

# «سۆز» روھنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياش-ئۆسمۈرلەر تەربىيسنى ھەقىقي ياخشى تۇتايلى

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، دۆلتىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى، ئەمما ئىلگىرىلەش يولىدا بەزى مەسلىلەرمۇ ساقلانماقتا. مەسىلەن، بىر قىسىم ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەر يۇقىرى بىلىم يۇرتىغا كىرىش نىسبىتىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا قوغلىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىپ، ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يېقىندىن بۇيان ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئۆلارنىڭ ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئارىسىدا ئارقا-ئارقىدىن يۈز بەرگەن بىرنەچچە قېتىملىق ۋەھشىي ۋەقەلەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

كىشىلەر دەل بۇ ئىشتىن ئەنسىرەپ تۇرغان پەيتتە، يولداش جياڭ زېمىن «مائارىپ مەسىلىسى ھەققىدە قىلىنغان سۆز»نى ئېلان قىلدى. بۇ «سۆز»نىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول بولۇپ، چوڭقۇر ئەھمىيىتى بار. «سۆز» پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يىراق كېلەچىكىنى كۆزلەپ، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىغا ۋە مىللەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ مائارىپ ۋە ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى شەرھلەپ بەردى؛ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت ۋە مائارىپ خىزمىتى ئومۇمىيىتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ مائارىپنىڭ بىر سىستېما قۇرۇلۇشى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كۆپ تەرەپتىن تۇتۇش قىلىپ، ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت ھاسىل قىلىش لازىملىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتۈن جەمئىيەت بويىچە مائارىپقا بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەرگە بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئۇنى قوللايدىغان بىرىكمە كۈچنى شەكىللەندۈرۈشكە چاقىرىق قىلدى. "غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق" بولغان، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، ئېستېتىك تۈيغۇ قاتارلىق جەھەتلەردىن ئومۇمىيۈزلۈك يېتىلگەن سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈپ چىقىش تەلىپىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مائارىپ قارىشى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى قارىشىنى مۇپەسسەل شەرھلەپ بەردى، مائارىپنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، فاكجېنى ۋە يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. «سۆز» ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ مائارىپ نەزەرىيىسىنىڭ تەتبىقلىنىشى ۋە راۋاجىدۇر، ئېلىمىزنىڭ

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇۋاتقان ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىۋاتقان تارىخىي شارائىت ئاستىدا مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى تۇتۇشتىكى توپ يېتەكچى ئىدىيىسىدۇر، مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سۈرۈشنىڭ ھەرىكەت كۆرسەتكۈچىدۇر، ئۇنىڭ زور رېئال ئەھمىيىتى ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيىتى بار. «سۆز» گوياكى گۈلدۇرمامىدەك، جۇڭخۇا زېمىنىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئالدىغا مائارىپنى ياخشى تۇتۇش تەلىپىنى قويدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ماھىيىتىنى ئىگىلەپ، تەدبىر تۈزۈپ، ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇشى، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم.

«سۆز» روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ئالدى بىلەن يولداش جياڭ زېمىننىڭ «سۆز»ىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش لازىم. يولداش جياڭ زېمىننىڭ ”دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىششىغا ۋە مىللەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ“ مائارىپ مەسىلىسىگە قاراش كېرەك دېگەن سۆزى بىزنى غەپلەتتىن ئويغاتتى. بىز ھەرگىزمۇ ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى تۆۋەنلىتىش بەدىلىگە مائارىپنى راۋاجلاندۇرماسلىقىمىز لازىم. ئۇنداق قىلىدىغان بولساق، بىزنىڭ بىر ئەۋلاد ياكى بىرنەچچە ئەۋلاد ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىستىقبالىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىنىمۇ نابۇت قىلىپ قويىمىز.

«سۆز» روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشتا، يەنە يولداش جياڭ زېمىننىڭ ”مائارىپ بىر سىستېما قۇرۇلۇشى“ دېگەن مۇھىم ھۆكۈمىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش لازىم. بۇ ھۆكۈم بىزنىڭ مائارىپ خىزمىتىدىكى مەسىلىلەرنى تېخىمۇ كەڭ نەزەر بىلەن كۆزىتىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىزغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. بىر قىسىم ياش-ئۆسمۈرلەردە كۆرۈلگەن ھەر خىل مەسىلىلەرنىڭ جاۋابكارلىقى مەكتەپتىلا ئەمەس، جەمئىيەت-نىڭ تەسىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈردى. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مەكتەپ، ئائىلە ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەتنى تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە سەپەرۋەر قىلىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا ئۈنۈمنى كۆرگىلى بولىدۇ. مائارىپنى بىر سىستېما قۇرۇلۇشى دەپ قاراش پۈتۈن جەمئىيەتنى مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە ئۇنى قوللاشقا سەپەرۋەر قىلىپ، مائارىپنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق.

«سۆز» روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشتا ھەر دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى زور. ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە مەكتەپلەر جەزمەن قەتئىي تەۋرەنمەستىن ”مائارىپنى سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، مائارىپنى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش“ دېگەن مائارىپ فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، زور كۈچ چىقىرىپ مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇشى لازىم.

«سۆز» روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ”يۈك-

نى يېنىكلىتىش“نىڭ مۇھىملىقى ۋە جىددىيلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىش لازىم. ”يۈكنى يېنىكلىتىش“كە تۇسالغۇ بولۇۋاتقىنى يۇقىرى بىلىم يۇرتىغا كىرىش نىسبىتىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا قوغلىشىش. ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ كۆلىمىنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىشى ھەمدە ساپا مائارىپىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھان تۈزۈمى ۋە مائارىپنى باھالاش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشى ئارقىلىق يۇقىرى بىلىم يۇرتىغا كىرىش بېسىمىنى يېنىكلەتكەندىن سىرت، يەنە پۈتۈن جەمئىيەتنى توغرا بولغان ئىختىساس ئىگىلىرى قارىشىدا چىڭ تۇرىدىغان قىلىپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆپ خىل يوللار بىلەن ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭرى مۇھىت يارىتىپ بېرىش لازىم.

يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دېگەن: ”دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشى مائارىپقا باغلىق؛ مائارىپنىڭ گۈللىنىشىدە پۈتۈن خەلقنىڭ مەسئۇلىيىتى بار.“ كەڭ ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار مىللىتىمىزنىڭ كېلەچىكى ۋە ئۈمىدى. ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبە قىلىشىغا، 21-ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ پارلاق ئىستىقبالىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت جەزمەن يولداش جياڭ زېمىن سۆزى روھىنىڭ باشلامچىلىقىدا، مائارىپنى ۋە ياش-ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان ئىدىيىۋى خىزمەتنى ھەققىي ياخشى تۇتۇپ، ئېلىمىز مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئالغا سۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مائارىپ خىزمىتىدە تېزدىن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دولقۇن قادىر**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تاشقى ئىقتىساد-سودىنى راۋاجلاندۇرۇپ، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرەيلى

شى گۇاڭشېڭ

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يۈرگۈزۈپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى «ئىككى ئومۇمىيەت» توغرىسىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ چىقارغان مۇھىم قارارى. باش شۇجى جياڭ زېمىن تەكىتلەپ: ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ تېزلىتىشنى «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىر تۈرلۈك زور ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى دەپ بىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. تاشقى ئىقتىساد-سودا خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تاشقى ئىقتىساد-سودىسىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز خەلق ئىگىلىكى تەرەققىيات ئومۇمىيىتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ مەركەزنىڭ رەھنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تاشقى ئىقتىساد-سودا خىزمىتىگە بولغان تەتقىقات ۋە يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تاشقى ئىقتىساد-سودا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش قەدىمىنى تېزلىتىشىمىز كېرەك.

## تاشقى ئىقتىساد-سودىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش — غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم يول

دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى سودا ئېكسپورتى خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 20% ئەتراپىنى ئىگەللەيدۇ، چەت ئەل مەبلىغىنى قوبۇل قىلىش خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. شۇڭا، تاشقى ئىقتىساد-سودىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى مۇھىم رولىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم يول ھېسابلىنىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى دېڭىز بويى رايونلىرى دەل ئىشكنى ئېچىۋېتىشتە ئالدىدا مېڭىپ، خەلقئارا ئىقتىسادىي قۇرۇلما تەڭشىلىۋاتقان ۋە دۆلەت ھالقىغان كەسىپلەر يۆتكىلىۋاتقان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ نىسبەتەن ياخشى ئىقتىسادىي ئاساسىغا، ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئورنىغا ۋە بەزى ئالاھىدە تەدبىرلەرگە تايىنىپ، تاشقى ئىقتىساد-سودىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى، چەت سودىگەرلىرىنىڭ مەبلىغىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ۋە جەمئىيەت يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرەلىدى. تاشقى ئىقتىساد-سودىنىڭ كېڭىيىشى شۇ يەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت ئارقىلىق خەلقئارا بازاردا قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، سېلىشتۇرما پايدىغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغ، تېخنىكا، خام ئەشيا-ماتېرىيال ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى كىرگۈزۈپ، تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرستى يارىتىپ، باج كىرىمى ۋە تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئوچۇق تىپتىكى ئىقتىسادنىڭ شەكىللىنىشىنى تېزلىتىپ، دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكىنىڭ ۋە خەلق ئىگىلىكىمىزنىڭ ئىزچىل تېز سۈرئەتتە ئېشىشى ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشتى. بۇ غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يۈرگۈزۈش جەريانىدا تاشقى ئىقتىساد-سودىنىڭ مۇھىم تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئوخشاشلا زۆرۈر ھەم مۇمكىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا، تاشقى ئىقتىساد-سودىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئېچىشنى، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنى خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە ئالماشتۇرۇشلارغا قاتنىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلەش ۋە تۈرتكە بولۇش ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم.

تارىخىي ۋە تەبىئىي شەرت-شارائىت قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، ئومۇمىي ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى شەرقىي قىسمىدىكى دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭكىدىن روشەن كېيىندە قالدى. تاشقى ئىقتىساد-سودا تەرەققىياتىنىڭ كۆلىمى ۋە سەۋىيىسى جەھەتتە شەرقىي قىسمىدىكى دېڭىز بويى رايونلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار خېلى ئارقىدا. 1999-يىلى 1-ئايدىن 11-ئايغىچە، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردىكى 19 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرنىڭ ئىمپورت-ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 21 مىليارد 800 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، پەقەت پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىنىڭ 6.5 پىرسەنتىنىلا ئىگەللىگەن؛ يېڭىدىن تەستىقلانغان توختامدىكى چەت مەبلىغى سوممىسى 5 مىليارد 120 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، پەقەت 14.4 پىرسەنتىنىلا ئىگەللىگەن؛ ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن چەت مەبلىغى سوممىسى 4 مىليارد 60 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، پەقەت 11 پىرسەنتىنىلا ئىگەللىگەن.

بىراق، بىز شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تاشقى ئىقتىساد-سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا نۇرغۇن نىسپىي ئۈستۈنلۈككىمۇ ئىگە. بىرىنچى، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار ئېنېرگىيە، كان مەھسۇلاتلىرى، ساياھەت، يەر-زېمىن قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلار جەھەتتە روشەن ئۈستۈنلۈككە ئىگە،

www.uyghurkitap.com

ھەتتا بەزى تەرەپلەردە باشقا رايونلار ئىگە بولمىغان ئۆزگىچە ئۈستۈنلۈككە ئىگە، مەسىلەن، نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان 140 خىل كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقىنىڭ 120 خىلى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردا بار، بەزى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللارنىڭ زاپاس مىقدارى مەملىكەت بويىچە، ھەتتا دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئىككىنچى، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار غايەت زور يوشۇرۇن بازارغا ئىگە، پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ ئاز كەم تۆتتىن بىر قىسمى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان، ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق زور بازار ئېھتىياجى ۋە بازار كۆلىمىنى شەكىللەندۈرۈش تامامەن مۇمكىن. ئۈچىنچى، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردىكى ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۆزگىچە تەرەققىيات ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە. مەسىلەن، يۈننەننىڭ جانلىقلار بايلىقى مول، سىچۈەننىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان، شەنشىنىڭ يۇقىرى تېخنىكا كەسىپلىرى بەلگىلىك كۆلەمگە يەتكەن. شىنجاڭنىڭ ”يىر قارا بىر ئاق“ بايلىقى (نېفىت ۋە پاختا) دەسلەپكى قەدەمدە ئۈستۈنلۈك بولۇپ شەكىللەنگەن. تۆتىنچى، شەرقىي قىسمىدىكى دېڭىز بويى رايونلىرى ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە تاشقى ئىقتىساد-سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ بۇ تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئەينەك قىلىش ئارقىلىق، تاشقى ئىقتىساد-سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىت ۋە شارائىتنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سودىگەرلەرنى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا كېلىپ ئۆزئارا پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئىقتىساد، تېخنىكا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشقا پائال جەلپ قىلىپ، ئوچۇق تىپتىكى ئىقتىسادنىڭ شەكىللىنىشىنى تېزلىتىپ، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچنى تېجەپ قېلىشى تامامەن مۇمكىن. بەشىنچى، مەركەزنىڭ ئىلھام بېرىش سىياسىتى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى بار. 21 يىلدىن بۇيانقى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، شەرقىي رايونلار خېلى زور ئەمەلىي كۈچ ھازىرلىدى، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارمۇ كېيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇردى، بۇ ھال دۆلەتنى ۋە شەرقىي رايونلارنى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلدى. نۆۋەتتە، دۆلەت غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىش ۋە ياردەم قىلىش توغرىسىدا بىر قاتار سىياسەتلەرنى بەلگىلىدى.

دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشى يېڭى بىر باسقۇچقا كىرىدۇ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تاشقى ئىقتىساد-سودىسىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى شەرت-شارائىت ھازىرلاندى، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تاشقى ئىقتىساد-سودا تەرەققىياتى تېپىلماس يېڭى پۇرسەتكە دۇچ كەلدى. ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تاشقى ئىقتىساد-سودا ساھەسىدىكى ئالماشتۇرۇش ۋە ئالاقە ئارقىلىق خەلقئارا بازارنىڭ تەرەققىياتى ۋە

ئۆزگىرىشكە دائىر ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا ئىگەللەپ، شۇ رايونلارنىڭ مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشى، چەت مەبلەغ ۋە ئىلغار، ياراملىق تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈش ئىشلىرىنى تېزلىتىپ، رايونلارنىڭ خەلقئارا رىقابەت كۈچىنى كۈچەيتىپ، تەرەققىياتتىكى يوشۇرۇن كۈچىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشى، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە تاشقى ئىقتىساد-سودىسىنىڭ يېڭى ئەسىردە ئىزچىل تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ ماكان ۋە غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىنلىشى تامامەن مۇمكىن. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تاشقى ئىقتىساد-سودا خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تاشقى ئىقتىساد-سودا خىزمىتىنى ياخشى قىلىشقا ياردەم بېرىش ۋە قوللاش ھەم بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان تارىخىي ۋەزىپىمىز، ھەم دۆلىتىمىزنى كېلەر ئەسىردە تاشقى ئىقتىساد-سودا چوڭ دۆلىتىدىن تاشقى ئىقتىساد-سودا كۈچلۈك دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، تاشقى ئىقتىساد-سودا مىنىستىرلىكى مەخسۇس تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تاشقى ئىقتىساد-سودا خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىدۇ؛ ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشىغا پايدىلىق بولغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سىياسەت جەھەتتىن يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تاشقى ئىقتىساد-سودىسىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## ئۆزىدىكى ئۈستۈنلۈكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە تاشقى ئىقتىساد-سودىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم

ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تاشقى ئىقتىساد-سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇشنى چوقۇم شۇ رايونلارنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، خەلقئارا بازارنى يېتەكچى قىلىپ، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

**بىرىنچى، شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئېكسپورتتا ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدىغان كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئېكسپورتنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيىسى ۋە تەدبىرلىرىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تۈزۈپ چىقىش لازىم.** مەسىلەن، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار كۆمۈر، نېفىت، رەڭلىك مېتال قاتارلىق بايلىقلار مول بولۇشتەك ئۈستۈنلۈككە ئىگە، مەملىكىتىمىز خەلقئارا بازاردا زور مىقداردا سېتىۋاتقان ئېنېرگىيە، خام ئەشيا-ماتېرىيال قاتارلىق بايلىق خاراكتېرلىك تاۋارلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردىن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا ئېكسپورت قىلىنىۋاتىدۇ. لېكىن بايلىقلارنىڭ چوڭقۇرلاپ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، تەننەرخى تۆۋەن بولۇش ئۈستۈنلۈكى ئاستا-ئاستا يوقىلىپ بارىدۇ، يەنە كېلىپ بايلىق كەسىپلىرى باھا ۋە پىرىۋوت نىسبىتى ئۆزگىرىشىنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقئارا بازاردا خام ئەشيا-ماتېرىيال ۋە ئىپتىدائىي مەھسۇلاتلار ئومۇمەن تەمىنلەش ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كېتىدىغان، باھا زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەملىكەت ئىچىدە ئۇزاق مۇددەت تۆۋەن سەۋىيىلىك تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىش ئارقىسىدا ئېكسپورت نىشان قىلىنغان ئادەتتىكى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ ئىقتىدارى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئېشىپ قالدى. شۇڭا، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار تاشقى سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا، كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقلىرىنى ئېچىش ۋە تىجارەت قىلىشتىكى يىرىك ئىشلەشنى ۋە ئېكسپورت نىشان قىلىنغان پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كېڭەيتىشتىكى قارىغۇلۇقنى تۈگىتىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ئېكسپورت تاۋارلىرىنى يېڭىلاشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلارنى زور كۈچ بىلەن كىرگۈزۈپ، كونا سانائەت بازىلىرىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىشى، بايلىق خاراكتېرلىك مەھسۇلاتلارنى چوڭقۇر پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ دەرىجىسى، سۈپىتى ۋە قوشۇلما قىممىتىنى ئاشۇرۇپ، بايلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى ھەقىقىي تۈردە خەلقئارا بازارنى ئېچىش، ئېكسپورتنى كېڭەيتىش جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشى لازىم.

**ئىككىنچى، جايلىشىش جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكتىن پايدىلىنىپ چېگرا رايون سودىسىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.** ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى ئاز بولمىغان ئۆلكە، رايونلار چېگرا بويلىرىدا، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدىغان رايونلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردۇر. چېگرا رايونلارنىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد-سودا ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىش رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، چېگرا رايونلارنىڭ ئاۋاتچىلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىككى تەرەپلىك دوستانە مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنى دەريا-دېڭىز بىلەن، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان ترانسپورت يوللىرىنى ئېچىپ، چېگرا رايون سودىسى ھەققىدىكى تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ چېگرا رايون سودىسىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىغا، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد-تېخنىكا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشىغا ئىلھام بېرىش لازىم.

**ئۈچىنچى، تاشقى ئىقتىساد-سودىنىڭ يېڭى يۈكسىلىش نۇقتىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە شەكىللەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، يوشۇرۇن ئۈستۈنلۈكنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.** ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئېكولوگىيىلىك بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى، سۇ تېجەيدىغان يېزا ئىگىلىكى ۋە ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى

زور كۆچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ھەمدە يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق قىممىتىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى خەلقئارا بازارغا يۈزلەندۈرۈش كېرەك. ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەبىئىي ۋە ئېتنوگرافىك مەنزىرىلىرى ئۆزگىچە بولۇش، ساياھەت بايلىقلىرى مول بولۇش ئالاھىدىلىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، قاتناش، ئالاقە، ياتاق قاتارلىق ساياھات جەھەتتىكى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى زور كۆچ بىلەن ياخشىلاپ، ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ مۇھىتىنى ئاسراشنى كۈچەيتىپ، چەت ساياھەتچىلىرىنى جەلپ قىلىپ، ساياھەتچىلىكتىن كىرىدىغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنى ئاشۇرۇش، تاشقى ئىقتىساد-سودىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

**تۆتىنچى، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار تاشقى قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىش ۋە تاشقى ئەمگەك مۇلازىمەت ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشتا كەلگۈسىنى ئىستىقبالغا ئىگە.** مەملىكىتىمىز ”3-سەپ“ قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش داۋامىدا، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردا قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى لايىھەلەش، قۇرۇش ۋە باشقۇرۇش جەھەتتە ئەمەلىي كۈچى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان بىر تۈركۈم قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى ۋە لايىھەلەش ئورۇنلىرى شەكىللەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئەمگەك كۈچى بايلىقى مول بولغاچقا، خەلقئارا قۇرۇلۇش بازىرىنى ئېچىش، تاشقى قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىش ۋە ئەمگەك مۇلازىمەت ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتلەردە خېلى زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە. نۆۋەتتە، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردىكى بىرمۇنچە كارخانا ۋە لايىھەلەش ئورۇنلىرى چەت ئەللەرگە بېرىپ ھەر خىل قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ھۆددىگە ئالدى. بۇنىڭدىن كېيىن ھازىرقى ئاساستا ئىگىلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تاشقى قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالالايدىغان بىر تۈركۈم خەلقئارا رىقابەت ئىقتىدارىغا ئىگە كارخانىلارنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈش لازىم؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى، ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى ئاساس قىلغان تاشقى قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بۇ كارخانىلارنىڭ خەلقئارا قۇرۇلۇش بازىرىنى ئېچىشىغا كۈچلۈك ياردەم بېرىش لازىم

## ئىشكىنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ، چەتئەلنىڭ مەبلىغىنى غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا پائال جەلپ قىلىش لازىم

چەتئەلنىڭ مەبلىغىنى غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا جەلپ قىلىش ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تاشقى ئىقتىساد-سودا خىزمىتىدىكى مۇھىم نۇقتىنىڭ بىرى. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى ۋە ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، خەلق ئىگىلىكىمىزدىكى مەبلەغ سېلىش سۈپىتى ۋە مەنبەسى كۆپ خىللاشتى. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا قاراتقان سىياسەتنى پەيدىنپەي كۆپەيتىشكە تايانغاندىن باشقا

يەنە شۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان سىياسەت تەدبىرلىرىنى تۈزۈش ئارقىلىق، ئىككى خىل بايلىق، ئىككى خىل بازاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، دۆلەت سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك مەبلەغ سېلىش سۇبيېكتلىرىنى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىش كېرەك. 1998-يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن تارقاتقان «ئىشكىنى سىرتقا تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ، چەتنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە بىرقانچە پىكىر»دە چەتنىڭ سودىگەرلىرىنى مەبلىغىنى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا سېلىشقا پائال يېتەكلەپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈپ، چەتنىڭ سودىگەرلىرى سالغان مەبلەغنىڭ رايون قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ياخشىلاش لازىملىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1999-يىلى گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى كۆچۈرۈپ تارقاتقان «نۆۋەتتە چەتنىڭ سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا يەنىمۇ ئىلھام بېرىش توغرىسىدا پىكىر» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «مەبلەغ سېلىش توغرىسىدا پىكىر» دېيىلىدۇ) دە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چەتنىڭ سودىگەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا مەبلەغ سېلىشىغا ئىلھام بېرىشكە دائىر ئالتە تۈرلۈك كونكرېت پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ سىياسەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ خېرىدار چاقىرىش-مەبلەغ كىرگۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى ئۈچۈن سىياسەت جەھەتتە ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى.

دېڭىز بويىدىكى رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسلىرى ئاجىز، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى نىسبەتەن ئارقىدا، مەبلەغ سېلىش شارائىتى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار چەتنىڭ مەبلىغىنى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدە بۆسۈش ھاسىل قىلىش ۋە تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ سىياسىتىنى ئاددىي ھالدىلا كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ، چوقۇم ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز يېرىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈشى، ئۆزىگە خاس ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى پىكىر، يېڭى ئەندىزە ۋە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىشكىنى سىرتقا تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىشى كېرەك.

**بىرىنچى، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چەتنىڭ مەبلىغىنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا سېلىنىشىغا ئىلھام بېرىش لازىم.** نۆۋەتتە «مەبلەغ سېلىش توغرىسىدا پىكىر»دە ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ چەتنىڭ مەبلىغىنى قوبۇل قىلىشىنى قوللاش ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرلىرىنى تەپسىلىيلەشتۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى، جۈملىدىن «ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار بويىچە چەتنىڭ سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىشقا بولىدىغان ئەۋزەل كەسىپ ۋە ئەۋزەل تۈرلەر مۇندەرىجىسى»نى تېزدىن تۈزۈپ چىقىپ، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ چەت مەبلىغىنى قوبۇل قىلىش ساھەسىنى كېڭەيتىش، چەتنىڭ سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىپ قۇرىدىغان كارخانىلارنى تەسىس قىلىش ئىشلىرىنىڭ كونكرېت چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقىش، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئىلھاملاندۇرۇلىدىغان تۈرلەرگە قارىتىلغان تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى-

دىن بەھرىمەن بولۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىش قاتارلىق ئىشلارنى ياخشى تۇتۇش لازىم. يېقىندا دۆلەت «دۆلەتلىك باج ئىشلىرى باش ئىدارىسىنىڭ چەتنىڭ سودىگەرلىرى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردا مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلارغا قارىتا ئۈچ يىلغىچە كارخانا تاپاۋەت بېجى 15 پىرسەنتلىك باج نىسبىتى بويىچە ئازايتىپ ئېلىنىدىغان ئېتىبار بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردىكى دۆلەت رىغبەتلەندۈرىدىغان چەت سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا قارىتا، ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان باج جەھەتتىن ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە كارخانا تاپاۋەت بېجىنى 15 پىرسەنتلىك باج نىسبىتى بويىچە ئازايتىپ ئېلىشقا بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى، بۇ، چەت سودىگەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا مەبلەغ سېلىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**ئىككىنچى، خېرىدار چاقىرىش-مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، چەت مەبلىغىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى جەلپ قىلىش لازىم.** سىرتتىن خېرىدار چاقىرىشتا ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەبىئىي بايلىق، ئەمگەك كۈچى بايلىقى ۋە ئېچىلمىغان بازار جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ چەت مەبلىغىنى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا سېلىشقا جەلپ قىلىش كېرەك. دۆلەتنىڭ سىياسەت يۆنىلىشى بويىچە، ئىشنى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە ئىلگىرى سۈرۈپ، چەت سودىگەرلىرىنىڭ قاتناش، ئېنېرگىيە، ئالاقە، سۇ ئىنشائاتى قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە تۈرلىرىگە ئۇقتىلىق مەبلەغ سېلىشىغا ئىلھام بېرىپ، نۆۋەتتە ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چەكلەۋاتقان ئاساسلىق بوغمىنى ھەل قىلىش لازىم. چەت سودىگەرلىرىنىڭ ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى، سۇ بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش قاتارلىق مۇھىت ئاسراش تۈرلىرىگە شۇنداقلا يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تۈرلىرىگە مەبلەغ سېلىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش ۋە سىجىل تەرەققىي قىلىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. جۇڭگو بىلەن چەت سودىگەرلىرىنىڭ شېرىكلىشىپ ياكى ھەمكارلىشىپ ساياھەت مۇلازىمەت كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ساياھەت بايلىقىنى ئورتاق ئېچىشقا يول قويۇش كېرەك. دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى چەت سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا بېرىپ قايتىدىن مەبلەغ سېلىشقا يېتەكلەپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈپ، دېڭىز بويىدىكى تەرەققىياتى پىشقان كەسىپلەرنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا پەلەمپەي شەكلىدە يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى چەت سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردا چەت سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار ۋە ئىچكى مەبلەغ كارخانىلىرىنى باشقۇرۇشنى ھۆددىگە ئېلىشىغا يول قويۇش، چەت مەبلىغىنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردىكى دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنى قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئىشلارغا قاتنىشىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك.

**ئۈچىنچى، دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىساد-تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش،**

**تەسىر كۆرسىتىش ۋە تۈرتكە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.** دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىساد-تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرىنى قۇرۇش ئىلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشىدىكى بىر ئىجادىي ئىشتۇر. ھازىر قۇرۇلۇپ بولغان 32 دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىساد-تېخنىكا تەرەققىيات رايونى دۆلىتىمىزنىڭ چەت مەبلەغنى ئەڭ كۆپ قوبۇل قىلغان، ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئەڭ تېز بولغان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ چەت مەبلەغنى قوبۇل قىلىش ۋە تاشقى سودا ئېكسپورتى قاتارلىق ھەر تۈرلۈك تاشقى ئىقتىساد-سودا خىزمىتىدە مۇھىم رول ئوينىماقتا. «مەبلەغ سېلىش توغرىسىدا پىكىر»دە: ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردىكى ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مەركىزىي شەھىرىدىكى قۇرۇلۇپ بولغان تەرەققىيات رايونلىرىدىن بىرنى تاللاپ ئۇنى دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىساد-تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قىلىشقا ئىلتىماس قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. نۆۋەتتە، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردىكى مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىساد-تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قۇرۇشقا ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ تەرەققىيات رايونلىرىغا بولغان ماكرو يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، دېڭىز بويىدىكى تەرەققىيات رايونلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، تەدبىر قوللىنىپ تەرەققىيات رايونلىرىنىڭ مەبلەغنى جەلپ قىلىش ۋە ئېكسپورت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە تۈرتكە بولۇش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، ئىشكىنى كەڭ ئېچىۋېتىشنىڭ سىناق ئورنى ۋە كۆزنىكى بولۇپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ خېرىدار چاقىرىش-مەبلەغ كىرگۈزۈش ئىشىدا ئۈلگە كۆرسىتىش، تەسىر كۆرسىتىش ۋە تۈرتكە بولۇش رولىنى ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

**تۆتىنچى، تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، چەت سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا بولغان باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەتنى ياخشىلاش لازىم.** دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ چەت مەبلەغنى قوبۇل قىلىشنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئېتىۋار بېرىدىغان سىياسەت تەدبىرلىرىنى بېكىتىشكە تايانغاندىن باشقا، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، چەت مەبلەغنى قوبۇل قىلىشتىكى نىسپىي ئۈستۈنلۈكنى قېزىپ چىقىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ چەت مەبلەغدىن پايدىلىنىشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە ئوتتۇرا مۇددەتلىك تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ۋە سىياسەت تەدبىرلىرىنى ھەققەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا تۈزۈپ چىقىشى لازىم. مەبلەغ سېلىشنىڭ قاتتىق مۇھىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەبلەغ سېلىشنىڭ يۇمشاق مۇھىت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش لازىم؛ چەت سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، چەت سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەتتە يولۇققان ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا پائال ياردەم بېرىش لازىم؛ ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇپ، چەت سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى ھەققىي قوغداپ، چەت سودىگەرلىرىنى مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم.

# جۇڭگوغا بېرىلىدىغان كۆپ تەرەپلىك، ئىككى تەرەپلىك ھەقسىز ياردەم پۇلىنى نۇقتىلىق ھالدا ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا سېلىپ، نامراتلارنى يۆلەپ روناق تاپقۇزۇش ئىشىنى قوللاشقا يېتەكلەش ۋە تۈرتكە بولۇش لازىم

دۆلىتىمىزنىڭ نامرات رايونلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردا. سىرتتىن كېلىدىغان ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەپ روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى نامرات رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، تاشقى ئىقتىساد-سودا مىنىستىرلىكى سىستېمىغا كىرگۈزۈپ باشقۇرۇلىدىغان چەت ئەل ھۆكۈمىتى ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ھەقسىز ياردەم پۇلىنى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشقا پائال يېتەكلىدى ۋە تۈرتكە بولدى، ھازىر قۇرۇلۇپ بولغان ھەقسىز ياردەم تۈرلىرى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات، مۇھىت ئاسراش ۋە نامراتلارنى يۆلەپ روناق تاپقۇزۇش قاتارلىق ئىشلىرىدا پائال رول ئوينىدى. بۇنىڭدىن كېيىن، ”غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيەسى“نىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ماسلىشىپ، كۆپ تەرەپلىك، ئىككى تەرەپلىك ھەقسىز ياردەم پۇلىنى ئىشلىتىش جەھەتتە، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنى، بولۇپمۇ نامرات رايونلارنى يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم.

**بىرىنچى، ياردەم ئاساسىدىكى ھەمكارلىقنىڭ يېڭى شەكىللىرى ھەققىدە پائال ئىزدىنىش، سىرتقا بولغان تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش لازىم.** ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا يۈزلىنىدىغان يېڭى ھەمكارلىق تۈرلىرى ساھەسى، شەكلى ۋە مەزمۇنى ھەققىدە ئاكتىپ ئىزدىنىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇناسىۋەتلىك بولغان سىرتقا تەشۋىق قىلىش ۋە تونۇشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، بىز تەرەپ بىلەن چەت ئەل تەرەپنىڭ ھەمكارلىق تۈرلىرىنى ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئورتاق تونۇشقا كېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ياردەم ئاساسىدىكى ھەمكارلىقنى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەپ روناق تاپقۇزۇش ئىشىدا تېخىمۇ زور رولىنى ئوينايدىغان قىلىش لازىم.

**ئىككىنچى، چەت مەبلىغىنى پائال كىرگۈزۈپ، نامرات رايونلارنىڭ ”قان كۆپەيتىش“ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم.** چەتنىڭ ھەقسىز ياردەم ۋە ئېتىبار پۇلىنى پائال كىرگۈزۈپ، نامرات رايونلاردىكى يېتىشمىگەن مەبلەغنى تولۇقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزىلاردىكى نامرات ئائىلىلەر ۋە ئاياللارنى نىشان قىلىپ تۇرۇپ ئاز مىقداردىكى ئىناۋەتلىك قەرز بېرىش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ھالدا قانات يايدۇرۇپ، مەبلەغنى بىر قېتىمدىلا سېلىشنى تەرەققىيات فوندى قۇرۇپ ئايلاندۇرۇپ ئىشلىتىشكە ئۆزگەرتىپ، ئۆز ئالدىغا مەبلەغ توپلايدىغان، ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش مېخانىزمىنى

www.uyghurkitap.com

تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، نامرات رايونلارنىڭ «قان كۆپەيتىش» ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم.

**ئۈچىنچى، كۆپ تەرەپلىك خەلقئارالىق ياردەم تۈرلىرىنى داۋاملىق قولغا كەلتۈرۈپ، نامرات رايونلارنىڭ ئومۇمغا مەنپەئەتلىك ئىشلىرىنى يۆلەش لازىم.** شۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ تەسىرىدە، نامرات رايونلارنىڭ مۇھىت ئاسراش، داۋالاش ۋە مەدەنىيەت-مائارىپ قاتارلىق ئومۇمغا مەنپەئەتلىك ئىشلىرى ئىنتايىن قالاق. ئامالنىڭ بارىچە كۆپ تەرەپلىك خەلقئارالىق ياردەم تۈرلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇنى نۇقتىلىق ھالدا چەت-ياقا، نامرات رايونلارنىڭ سەھىيە، ئىچىملىك سۇ ۋە مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىرقەدەر قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىشلىتىش لازىم.

بۇنىڭدىن سىرت، تاشقى ئىقتىساد-سودا مىنىستىرلىكى ۋاستىچىلىك قىلىش، خەۋەردار چاقىرىش-مەبلەغ كىرگۈزۈش، سىياسەت جەھەتتىن قوللاش ۋە ئۇچۇر جەھەتتىن مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردە، ئىمكان بار نامرات رايونلار ئۈچۈن كۆپرەك خىزمەت قىلىپ، نامرات رايونلارنىڭ ئۆز مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈن ئىچكى-تاشقى بازارنى ئېچىشقا ياردەم بەرمەكچى؛ نامرات رايونلاردىكى تېخىمۇ كۆپ يېزا ئەمگەك كۈچلىرى چەت ئەللەرگە بېرىپ ئىشلەيدىغان پۇرسەتنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، شۇ رايونلاردىكى دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇرماقچى؛ نۇقتا بېكىتىپ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، نامراتلارنى يۆلەشنى ئائىلىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتمەكچى.

## تاشقى ئىقتىساد-سودا ساھەسىدىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش ۋە كىرگۈزۈشنى تېزلىتىش، ھەر دەرىجىلىك كارخانىلارنىڭ ئېچىۋېتىش ئېڭىنى كۈچەيتىش لازىم

تاشقى ئىقتىساد-سودا ساھەسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى ۋە ئېچىۋېتىش ئېڭىنىڭ نىسبەتەن ئارقىدا قېلىشى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تاشقى ئىقتىساد-سودا تەرەققىياتىنى ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان مۇھىم ئامىلدۇر. بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ پەن-مائارىپ ئىشلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش، تاشقى ئىقتىساد-سودا ساھەسىدىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشنى تېزلىتىپ، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، كەسپتە پىشقان، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى بىلىدىغان، باشقۇرۇشقا ماھىر بولغان بىر تۈركۈم ئېچىۋېتىش تىپىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە تاشقى ئىقتىساد-سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىغا ئەقلىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش لازىم. ئىككىنچىدىن، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ھازىر بار بولغان تاشقى ئىقتىساد-سودا كادىرلىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئېچىۋېتىش ئېڭىنى ۋە ئومۇمىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىش ۋە ئۇنى

قوللاش لازىم. ئۈچىنچىدىن، كادىر ئالماشتۇرۇش ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى يۆتكەش سىستېمىسىنى
داۋاملىق ياخشى ئىشلەش لازىم. ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئاكتىپ
بولغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى قوللىنىپ، بىر قىسىم مۇنەۋۋەر تاشقى ئىقتىساد-سودا كادىرلىرىنىڭ
ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا بېرىپ خىزمەت قىلىشى ۋە ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشىنى قوللاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش
لازىم. مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىدىن بىر بۆلەك كادىرلارنى ئەۋەتىشتىن سىرت، شەرقىي قىسمىدىكى
دېڭىز بويى رايونلىرى بىلەن ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردىكى تاشقى ئىقتىساد-سودا سىستېمىسى ئارىسىدا
كادىر ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، شەرقىي رايونلاردىكى كادىرلارنىڭ شەرقىي رايونلارنىڭ ئېچىۋېتىش
ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدىكى ياخشى ئىدىيىۋى كۆزقاراشلىرىنى، خىزمەت ھەققىدىكى ئوي-پىكىرلىرىنى،
خىزمەت ئۇسۇلى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا ئېلىپ بېرىشىغا، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوتتۇرا،
غەربىي رايونلاردىكى كادىرلارنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىغا بېرىپ تەجرىبە قوبۇل قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ،
ئۇلارنى ئۆزئارا ئۆگىنىش، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلاش، ئورتاق
ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. تاشقى ئىقتىساد-سودا سەھەسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ
ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا پايدىلىق بولغان سىياسەت مۇھىتىنى يارىتىپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ
تاشقى ئىقتىساد-سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان ئىختىساسلىق كىشلەرنى غەربىي رايونلارنى
كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا قاتنىشىپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا بېرىپ نەتىجە يارىتىشقا جەلپ قىلىش لازىم.
تۆتىنچىدىن، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردىكى كادىرلارنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە
سىرتىدىكى كەسپداشلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش پۇرستىنى كۆپەيتىپ، ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى
ئىلغار باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۆچۈر ئىگەللەپ، كۆزقارىشىنى يېڭىلاپ، تاشقى
ئىقتىساد-سودا خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىش
لازىم.

**(ئاپتور: تاشقى ئىقتىساد-سودا ھەمكارلىقى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى)**

**قاھار پولات**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت مۇھەممەت**

**دولقۇن قادىر**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

05>

9 771006 585006

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5－V 刊号:ISSN1006－5857 / CN11－2498/D

邮发代号:2－373 定价:2.80元 邮政编码 100013